www.islamyoli.net

# ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب
# رەزىياللاھۇئەنھۇنىڭ
# تەرجىمھالى

# بسم اللهالرحمان الرحيم
# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ
# ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## مۇقەددىمە

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ يەر يۈزىدە ئۆتكۈزگەن ئەڭ ھەشەمەتلىك ۋە ئەڭ بەختلىك دەۋرلىرىنىڭ بىرى . بۇ دەۋرنىڭ غەلىبىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا ئەكەلسەك ئىران كىسرالىرىنىڭ بىزا- نۇس قەيسەرلىرىنىڭ ( قەدىمى رۇملۇقلارنىڭ )ۋە مىسىر ئەزىزلىرىنىڭ ئىسلام داغدۇغىسى ئالدىدا تىترەپ كەتكىنىنى ، ئاخىرىدا ئاغدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈ- سىز .

ئىسلام دۆلىتى - ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە قۇرۇلدى ۋە كېڭىيىپ ئالەم- شۇمۇل بىر ماھىيەتنى قولغا كەلتۈردى . بۇ چوڭ دۆلەت قانداق قۇرۇلدى ؟ ھاكىمىيەتنى قانداق يۈرگۈزدى ؟ ئىشلىرىنى قانداق ئىدارە قىلدى ؟ خەلقنى قانداق ياشاتتى ؟ يىغىپ ئېيتقاندا فارۇق ئەزەمنىڭ رەئىسلىكىگە ئىرىشكەن ئوخشىمىغان مىللەتلەر ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئىگىلىرى ( ئەللەر ) ، ئوخشىمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان مىليونچە مىللەتلەر بىر - بىرىگە قانداق ئىناق ، ئىتتىپاق قېرىنداش بولدى ؟ بىر دۆلەتنىڭ قانچىلىك بايلىقى بولدى ؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى قايىنام تاشقىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ مەسىلىلەردىن بىرىدۇر . بىزدە بۇ مەسىلىلەرنى ، بۇ ھادىسىلەرنى ئوچۇق چۈ- شەندۈرۈدىغان ئەسەر پەقەت يوق بولمىسىمۇ بەك ئاز . قولىمىزدىكى تارىخلار- نىڭ تولىسى كېيىنكى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىز رىۋايەتلىرى ، شەخ- سى مۆلچەرلىرى بىلەن توشقاندەك ، بىز تەكشۈرمەكچى بولغان ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىنىڭ تارىخىنى جانلاندۇرۇشىدىن ۋە ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ھەممە تارمىقى بى- لەن شۇغۇللىنىشتەك ئۆتۈقلاردىن يۇتۇنلەي يىراقتۇر .

بۇ يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش ئۈمىدىم بىلەن بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلمەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ھىندىستان يېتىشتۈرگەن ھەقىقەتچى ئالىملارنىڭ چوڭلىرىدىن مەرھۇم «شىبلى» دۇر. ئۆز مەملىكىتىدە «ئالىملار قوياشى» دېگەن ئۇنۋانىنى ئالغان ئالىملار بۇ ئەسىرى پەخىر قىلىشقا لايىق بىر مۇۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر.

مەرھۇم «شىبلى» ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ شەخسى ھاياتىغا ۋە دەۋرىگە دائىر يېزىلغان ھەممە ئەسەرلەرنى ئوقۇغان، ھىندىستاندا تېپىلمىغان كىتابلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىستانبۇل كىتابخانىلىرىغىمۇ كىرگەن، ياۋروپادا بېسىلغان ئىسلامغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىققان. ئېغىر مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ توپلىغان مەلۇماتلىرىنى ئىنچىكىلەپ راستىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئايرىپ چىققان. بىر قانچە يىل تىرىشقاندىن كېيىن بۇ ئەسىرىنى يېزىپ نەشرگە بەرگەن.

مۇئەللىفنىڭ بۇ ئەسەرگە يازغان مۇقەددىمىسى كۆزدىن كەچۈرۈلسە بۇ ئەسەرنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈنىنى، قانچىلىك جاپادىن كېيىن قولغا كەلگىنىنى دەرھال بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ ئەسەر ھىندىستاننىڭ ئوردۇ تىلىدا يېزىلغان ئىدى. ھىندىستاننىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مۇنەۋۋەر بالىسى، ۋەتىنىنىڭ سەممىي پىداكارى، ئىستىقلال ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچى ئەزىز دوستۇم زەفەر ھەسەن بەگ بۇ ئەسەرنى ئېنگلىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مەنمۇ ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئاساس قىلىپ ۋە ئەسلى نۇسخىسىنى جۈملىمۇ-جۈملە تەكشۈرۈپ تۈرۈكچە تەرجىمە قىلدىم. زەفەر ھەسەن بەگ بۇرادىرىمىزنىڭ بەك ئالى ھىممىتى ۋە غەيرىتىگە مىننەتدارمەن ۋە ئۇنىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىنى بېسىپ نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئىسلامىيەتنىڭ بۈيۈك قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولغان ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى ۋە دەۋرىنى نىشان قىلغان بۇ ئەسەرنى يازغىنىمدا فارۇق ئەزەمنىڭ ئەڭ ئالى روھىدىن بەرىكەت قوبۇل قىلغىنىمنى ھىس قىلىمەن. بۇ پاكىزە مۇكاپات روھى ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇشتىن باشقا بىر مۇكاپاتنى كۆزدە تۇتمايمەن.

ئۆمەر رىزا

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

(مۇئەللىفنىڭ مۇقەددىمىسى بەك ئۇزۇن بولغاچقا بۇيەردە يېزىلمىدى ـ ت)

## 1 ـ قىسىم

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ نەسەبى (كىبلىپ چىقىشى) مۇنداق : ئۆمەر خەتتابنىڭ ئوغلى ، ئۇ نوفەيلنىڭ ئوغلى ، ئۇ ئابدۇل ئۇززانىڭ ئوغلى ، ئۇ رىباھنىڭ ئوغلى ، ئۇ ئابدۇللانىڭ ئوغلى ، ئۇ قۇرتنىڭ ئوغلى ، ئۇ رىزاھنىڭ ئوغلى ، ئۇ ئەدىينىڭ ئوغلى ، ئۇ كەئبنىڭ ئوغلى ، ئۇ لۇئەيىنىڭ ئوغلى ، ئۇ پىھرىنىڭ ئوغلى ، ئۇ مالىكنىڭ ئوغلى .

ئومۇمەن ئېيتقاندا ، ئەرەبلەر ئەدنانغا ياكى قەھتانغا بېرىپ تاقىلىدۇ . ئەدناننىڭ نەسەبى ھەزرىتى ئىسمايىل زەبىھۇللاغا يېتىدۇ . ئەدناننىڭ 11 ـ ئايىمىقى بولغان پەھرى ئىبنى مالىك چوڭ بىر كۆچكە ئىگە ئىدى . پەھرىنىڭ نەۋرىلىرى قۇرەيش دەپ تونۇلماقتا . قۇرەيش ئىچىدىن 10 كىشى كۈچ قابىلىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن كاتتا بىر ئالاھىدىلىكنى قولغا كەلتۈرگەن . شۇنىڭغا ئاساسەن 10 قەبىلە بۇ ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان . بۇلار : ھاشىم ، ئۇمەييە ، نوفەيل ، ئەبدۇددار ، ئەسەد ، تەيم ، مەخزۇم ، ئەدىي ، جۇمەھ ، سەھمى قاتارلىق قەبىلىلەردۇر .

ھەزرىتى ئۆمەر «ئەدىي» ئەۋلادىدىندۇر . ئەدىي نىڭ بىر تۇققانلىرىدىن بولغان مۇررە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوۋىلىرىدىندۇر .

شۇنىڭغا ئاساسەن ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ نەسەبىنىڭ داۋامى رسول اللەنىڭ نەسەبى بىلەن 8 ـ بوۋىسىدا بىرلىشىدۇ . قۇرەيش دىگەن ئادەم بەيتۇللانى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغىنى ئۈچۈن دۇنيالىقتىن مەنسەپ ۋە كاتتىلىق ھاسىل قىلىشتىن باشقا مەزھەپتە چوڭلۇقنىمۇ قولغا كەلتۈرگەن . قۇرەيش دىگەن ئادەمنىڭ ئىشى كۆپىيىشى بىلەن ئۇ ئۆزى قىلىدىغان ۋەزىپىنى تەقسىم قىلىشنى لازىم كۆرۈپ ھەر ئىشنى ئايرىم ئىدارە قىلىشنى باشلىغان ئىدى . كەبىنى ئاسراش ، ھەج ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ، ئوخشىمىغان قەبىلىلەر باشلىقلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاش ، دەۋالىرىنى ئايرىپ ھەل قىلىش ، سىياسى-

كېڭەش تەشكىللەش قاتارلىق ئىشلار ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن بېجىرىلەتتى . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بوۋىسى «ئەدي» بولسا ، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش ، ماجىرالارنى قۇرەيش قەبىلىلىرىدىكى ھەل قىلىشقا بۇيرۇلۇر ئىدى . ئەرەپلەرنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى ، سەۋىيەسى ئوخشاش بولغان ئىككى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ بىر سى يەنە بىرسىدىن ئۈستۈنلۈكنى كۆرسىتىشنى قەست قىلسا بۇلارنىڭ ئىژتىمائى ئورنىنى تەيىنلەشكە قابىلىيەتلىك بىر ئادەمنى بىرتەرەپ قىلىشقا بەلگۈلەيتتى . بۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئىككى دەۋاگەر ئۆز دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى . مۇنداق تالاش - تارتىشلارنىڭ بەزىلىرى بىرقانچە ئاي داۋام قىلاتتى . ھۆكۈم قىلغۇچى كىشى دەۋانىڭ پۈتۈن ئىنچىكە مەسىلىلىرىنى ئۆز لايىقىدا باھا بىرىشكە لايىق كىشى بولۇشتىن تاشقىرى سۆزگە ئۇستا بولۇشى لازىم ئىدى. ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن ماجىرا ساقايتىش ۋەزىپىسى «ئەدي» ئەۋلادىغا ئائىت بولۇر ئىدى .

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ چوڭ بوۋىسى «نوفەيل» بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشتە يۇقۇرى قابىلىيەتتە بولغىنى ئۈچۈن پۈتۈن دەۋالار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى ۋە ئۇ ھەل قىلاتتى . پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوۋىسى ئابدۇل مۇتەللىپ بىلەن ئۈمەييە ئوغلى ھەربىنىڭ ئارىسىدا رەئىسلىك تالىشىش ماجىراسى چىققاندا ھەر ئىككىسى ھەز- رىتى ئۆمەرنىڭ بوۋىسى نۇفەيلنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا قايىل بولغان ئىدى . نۇفەيل ئابدۇل مۇتەللىپنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن ھەربگە قاراپ مۇنداق دىدى :« بويى سەندىن ئېگىز ، يۈزى سىنىڭ يۈزۈڭدىن سۆيۈملۈك ، دىمىغى سىنىڭدىن ئۈستۈن ، نەسلى سىنىڭدىن كۆپ ، تەرەپدارلىرى سىنىڭكىدىن تولا بىر ئادەم بىلەن ئۆزەڭنى تەڭلەشتۈرەمسەن ؟ شۇنداقتىمۇ يەنە ئېيتىمەنكى ، سىنىڭمۇ ئەرەپلەر ئىچىدە گېپىڭ ئۆتىدۇ ، ئاۋازىڭ ئۈستۈن ، تۇققانلىرىڭنىڭ ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ قالغىن ! ».

نۇفەيلنىڭ ئىككى ئوغلى بارئىدى . بىرسى ئۆمەر ، يەنە بىرسى خەتتاب ئىدى . ئۆمەر لاياقەتلىك ئادەم ئىدى . بولۇپمۇ ئۆمەرنىڭ ئوغلى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر فارۇقنىڭ ئىككى تۇققىنى زەيد بولسا شۇنداق ھۇشيار ۋە ئالاھىدە ئەخلاقلىق كىشى ئىدىكى ، ھەزرىتى رسول الله پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنمۇ ئۆز ئەقلى بىلەن بۇتقا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاپ تەۋھىدنى (يالغۇز بىر اللهغا ئىبادەت قىلىشنى ) قوبۇل قىلغان ئىدى. زەيددىن باشقىمۇ تەۋھىدكە قايىل

بولغانلار قەس ئىبنى سائىدە ۋە ۋەرەققە ئىبنى نەۋپەلمۇ بار ئىدى . زەيد بۇت پەرەسلىكنى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى تاشلاش بىلەن بىللە مۇشرىكلارنى ئەيىپلەيتتى ، ئەرەبلەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا چاقىراتتى . مۇشۇ سەۋەپتىن خەلىقلەر بۇ كىشىگە دۈشمەن بولغان . ھەزرىتى فارۇقنىڭ دادىسى ، زەيدنىڭ تاغىسى خەتتاب بولسا زەيدكە دۈشمەنلىك قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چېكىدىن ئاشقىنى ئىدى . شۇسەۋەپتىن ، زەيد مەككىنى تاشلاپ ھىرا تېغى غارىغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولىسمۇ ، بەزى چاغلاردا مەخپىي كېلىپ كەبىنى زىيارەت قىلاتتى .

زەيدنىڭ بۇ كۆڭگىچە ساقلانغان بەزى شېئىرلىرى ئۇنىڭ پىكرىنىڭ ئالىلىقىنى ۋە ۋۇجۇدىنىڭ پاكلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . زەيد مۇنداق دەيدۇ:

**بىر ئاللاغا ئىشىنىمەنمۇ ياكى مىڭ ئىلاھقىمۇ ،**
**بۇچاغدا ئىشلار بۆلۈنۈپ كېتىدۇ .**
**مەن لات ، ئۇززا ھەممىنى تاشلىدىم ،**
**ئەقلى بار ئادەم شۇنداق قىلىدۇ .**

ھەزرىتى فارۇقنىڭ دادىسى خەتتاب قۇرەيشلەرنىڭ ئالاھىدە ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى . بەنى ئەدي بىلەن بەنى ئەبدي شەمسى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئاداۋەت بار ئىدى . ئەبدي شەمسى ئەۋلادلىرىنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەدي باللىرى ئۈستىدىن غالىپ ئىدى . شۇڭا خەتتاب بىلەن بىللە پۈتۈن ئەدي ئەۋلادى شەمسى ئەۋلادىنىڭ جامائەسىگە كىرىشكە مەجبۇر ئىدى . خەتتاب ئۆز قەبىلىسى بىلەن سوقۇشۇش خەۋپىگە دۇچار بولغاندا مۇنۇ بېيتنى ئوقۇغان . مەزمۇنى :«تەھدىتتىن قورقمايدىغان ئادەملەر قېشىمدا بار تۇرۇپ ئەمرى ئوغلى سەھمى مېنى قورقۇتامدۇ ؟ بۇلار شۇنداق ئادەملەركى ، يۇرتلىرىدىن ھەيدەلگەنلەرگە پاناھ بولىدۇ».

خەتتابنىڭ بۇ شېئىرى 8 بېيت بولۇپ ، مەككە تارىخىدا بۇنى تولۇق يېزىلىدۇ. مەككىدە ئەدي قەبىلىسى سافا تېغى تەرەپتە ماكانلاشقان ئىدى . بەنى ئەدي ئايمىقى بەنى سەھمىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش بىلەن ئۆيلىرىنى ئۇلارغا ساتقان . پەقەت ئازراق ئۆي قالغان بولۇپ ، ئاخىرى ھەزرىتى فارۇق بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىنى مىراس ئالغان ، بۇ ئۆي سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا ئىدى . ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغان دەۋىردە بۇ ئۆينى يىقىپ ئورنىنى ھاجىلارگە ئو-

رۇن قىلغان ئىدى . شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆيگە تەۋە بولغان بىرقانچە دۇكان ئۇزۇن زامانغىچە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئائىلىلىرىگە مىراس بولغان . ئەڭ مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسەن ھەزرىتى ئۆمەر ھىجرەتتىن 40 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان (ھەزرىتى ئۆمەر رسول اللەدىن 13ياش كىچىك دىيەكتۇر) ، لېكىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بالىلىق دەۋرى ۋە بۇرۇنقى تەرجىمھالى پۈتۈنلەي نامەلۇمدۇر . ھاپىز ئىبنى ئەساكىر دەمەشىق تارىخىدا ئەمرى ئىبنىل ئاسنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى مەلۇماتنى يازغان . ئىبنىل ئاس ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرغاندا ئۇنلۇك بىر ئاۋاز ئاڭلىغان ۋە ئۇنى تەكشۈرگەندىن كېيىن خەتتابنىڭ دۇنياغا بىر ئوغلى كەلگىنىنى ئاڭلىغانلىغىنى سۆزلىگەن . بۇنىڭدىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تۇغۇلۇشى چوڭ خۇرسەنلىك بىلەن ئالقىشلانغانلىغى مەلۇم بولىدۇ .

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بالىلىق ھاياتىغا دائىر مەلۇماتىمىز بەك ئاز . بۇ بالىنىڭ كېلەچەكتە فارۇق ئەزەم بولۇشىنى كىم چاغلىغان ؟ بۇنىڭبالىلىق ھاياتىنى تەپسىلى ھالدا خاتىرە قالدۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى كىم چۈشەنگەن ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇزۇن زامان ياشايدىغان بىر ئەسەر بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن ، ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن (مەلۇماتلاردىن ) بىلگىنىمنى يېزىپ قالدۇرۇشنى ئۆزەمگە ۋەزىپە ھىساپلايمەن .

ھەزرىتى ئۆمەر كىچىكلىكىدە دادىسى تەرىپىدىن تۆگە بېقىشقا بۇيرۇلغان ، تۆگىچىلىك ئەرەبلەر ئىچىدە نومۇس ئىش ھىساپلىناتتى . شۇنداقتىمۇ ئۆمەرگە دادىسىنىڭ مۇئامىلىسى بەك قاتتىق ئىدى . ئۆمەر كۈن بويى تۆگە ئارقىسىدا يۈرەتتى ، بىرئاز ئىستىراھەت قىلاي دىسە دادىسى تەرىپىدىن جازالىناتتى . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇنداق جاپالىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن ئورنى زەجنان دىگەن چۆل بولۇپ ، مەككە يېنىدىكى قۇدەيد دىگەن يەرگە 10 پوتەي يىراقلىقتا ئىدى ، ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلارغا رەھبەر بولغاندىن كېيىن ، بىر كۈنى مەزكۇر چۆلدىن ئۆتۈپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن :«ئى رەببىم ! ئەجەپ ئۇلۇغسەن! ھاياتىمدا شۇنداق چاغلارمۇ ئۆتكەنكى مۇشۇ يەردە تۆگە باققان ئىدىم ، كېسەل بولۇپ قېلىپ بىرئاز دەم ئالاي دەپ ئولتۇرسام دادام مىنى ئۇراتتى ، بۈگۈن ئەمدى ئەڭ ئالى ئورۇننى ئىگىلەپتىمەن ، مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلىشنى ئۈستۈمگە ئېلىپتىمەن ، بىر اللەدىن باشقىسىغا باش ئەگمەيمەن .»

ھەزرىتى ئۆمەر ياشلىق دەۋرىدە گەرەپ كاتىپلىرى مەشغۇل بولغان چوڭ
ئىشلار بىلەن ۋاختىنى ئۆتكۈزگەن . ئۇ زاماندا ئەرەپلەرنىڭچە شەرەپلىك دەپ
ھىساپلانغان ئىشلار: نەسەب ئىلمى (بىرقانچە ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىسمى ۋە تا-
رىخىنى بىلىش ) ، سۆزلەشتە قابىلىيەتلىك بولۇش ،قورال ئىشلىتىشكە ماھىر-
بولۇش ، پەلىۋانلىقدا قابىلىيەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى . نەسەپ ئىلمىدە
ھەزرىتى ئۆمەر ئاتا بوۋىسىدىن تارتىپ مۇتەخەسسىس ئىدى ، بۇنى «ئەل بايان
ۋە تەبيىن »دىگەن كىتاپتا سۆزلەيدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ ئەرەپنىڭ نەسەبىگە مۇنچە
ئەھمىيەت بىرىشىنىڭ سەۋەپ ، ئەرەپلەرگە ۋەكىللىك ۋەزىپىنى ۋە دەۋا ، زىدىيەت-
لەرنى ھەل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىگى ئۈچۈندۇر. بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشتە
نەسەب ئىلمىنىڭ ئالاھىدە رولى بار. ھەزرىتى ئۆمەر ئەرەپلەرنىڭ نەسەبىنى دا-
دىسىدىن ئۆگەنگەن ، قانداقكى ، جاھىزھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ توغرىدا داد-
سىدىن پايدىلانغانلىغىنى بايان قىلىدۇ .
ھەزرىتى ئۆمەر پەلىۋانلىقتا مەشھۇر ئىدى . ئۆمەر ئۆزىنىڭ پەلىۋانلىقنى
چوڭ سورۇنلاردا باشقا پەلىۋانلار بىلەن چېلىشىش ئارقىلىق كۆرسەتتى . ئو-
كاز ئەرفات تىغىنىڭ يىقىن بىر جايىدۇر. ھەر يىلى ئوكازدا بىر بازار قۇرۇلاتتى
، بازاردا ھەربىر ئىشقا ماھىر بولغانلار ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتەتتى . شۇنىڭغا
ئاساسەن ھەر بىر ئىشتا كامىل بولغانلار مۇسابىقىگە قاتنىشاتتى . نابىغەزبى-
يان ، ھەسسان ئىبنى سابىت ، قىس ئىبنى سائىدە ، خىنسالاردەك شائىر ۋە
سۆزدە ئۇستا بولغانلار مۇشۇ مەيداندا يېتىشكەنلەر ئىدى . بىلازرى دىگەن
كىشى «كىتابۇل ئەشراف»(شەرەپلىك ئادەملەر) دىگەن كىتاپتا ھەزرىتى ئۆمەر-
نىڭ ئوكازدا پەلىۋانلار بىلەن چېلىشقانلىقىنى يازىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ ھەزرى-
تى ئۆمەرنىڭ پەلىۋانلىقتا كامىللىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئات
مىنىشكە ئۇستىلىقى ھەممە كىشىگە ئايان ھەمقايىل . جاھىزنىڭ ئەسرىدە ھەزرى-
تى ئۆمەرنىڭ يەردىن سەكرەپ ئات مىنگىنىنى ، ئۇيان -بۇيان بولماي ئات
ئۇستىگە ئورنىشىپ قالغىنىنىيازىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قابىلىيەتتە كۈچلۈكلى-
گىنى ئىپادىلەيدىغەن ئوچۇق دەلىللەرگە ئىگە بولمىساقمۇ ، بۇ زاتنىڭ مۇسۇل-
مان بولۇشتىن بۇرۇن ئەرەپلەر تەرىپىدىن ۋەكىللىك ۋەزىپە ئۆتىگىنىنى ھەممىسى
بىرلىكتە بايان قىلىدۇ. بۇۋەزىپە پەقەت گەپدان ، بىلەرمەن ، يارامىلىق ئادەم-
لەرگە تاپشۇرۇلغانلىقدىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەشۋىقاتتا ئالاھىلىگى بارلىقىنى

بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسىرىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ھەزرىتى ئۆمەر شائىرلىق زوقى ھەققىدە ئۇچۇقراق مەلۇمات بىرىمىز . ئۇ زات ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىنى بىلەتتى . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ شائىرلىق زوقىنى ۋە ئەستە تۇتۇشنى تەرەققى قىلدۇرغان ئەسەرلىرىنى ئوكازدا قولغا كەلتۈرگەن . لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، پۈتۈن ۋاقتىنى دىنى مەسىلىلەرگە قاراتقانلىقىدىن شېئىر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ۋاقتى يەتمىگەن ھەم مەشغۇل بولمىغان . مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن ، بۇنداق قابىلىيەت ئۇ زاماندا بەك ئاز كىشىدە تېپىلاتتى . بىلازىرى « رسول الله پەيغەمبەر بولغان زاماندا قۇرەيش ئىچىدە پەقەت 70 كىشى ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلەتتى ئۆمەر شۇلارنىڭ بىرسى ئىدى » دەپ بايان قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر يۇقۇرىدا دېگىنىمىزدەك ، ئىلىم ۋە قابىلىيەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇش ئۈچۈن ئىشلەشكە باشلىغان ۋە ئەرەبلەرنىڭ بىرىنچى ئىشى بولغان تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغان . ئۆمەرنىڭ بۇ تىجارەتچىلىكى ئەڭ ئاخىردا قولغا كەلتۈرگەن كاتتىلىقىنىڭ مەنبەئىدىن بىرى بولغان . تىجارەت سەۋەبى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر يىراق مەملىكەتلەرنى زىيارەت قىلغان ۋە كاتتا ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلەشكەن . ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ھاسىل قىلغان ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەت ، ئۈستۈنلۈكنى مەقسەت قىلىش ، تەجرىبىلىك بولۇش ، ئەقىللىق بولۇشتەك ئالى سۈپەتلەر مەزكۇر تىجارەتنىڭ ۋە ساياھەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ساياھىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلىق بولساق ياخشى ئىدى . شۇنداقلا « مۇرەۋۋەجۇل زەھەب » دېگەن كىتابتا مۇنداق سۆز بار : ھەزرىتى ئۆمەر جاھىلىيەت زاماندا شامغا ۋە ئىراققا قىلغان سەپىرىدە ئەجەم ۋە ئەرەب ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى توغرىسىدا بىر بۆلۈك مەلۇماتلار بار . بۇنى « زامان خەۋەرلىرى » ناملىق كىتاۋىمىزدا ۋە « ئەۋسەت » دېگەن كىتابتا تەپسىلى سۆزلىدۇق . مەسئۇدى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈل بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن زايا بولغان . ھەزرىتى ئۆمەرگە دائىر مەلۇماتلارنى تېپىش ئۈچۈن ئىستامبۇل كىتابخانىلىرىنى تەكشۈرگەن بولساممۇ بىرەر نەرسە تاپالمىغانلىقىمغا بەك ئەپسۇسلىنىمەن .

خۇلاسە : ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوكاز بازىرىدا قىلغان پەلىۋانلىقى مۇساب-

خۇلاسە : ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوكاز بازىرىدا قىلغان پەلىۋانلىقى مۇسابىقىلەرگە شىرىك بولۇپ قاتنىششى ۋە تىجارەت ئۈچۈن ئەرەبىستاننىڭ سىرتىدا ساياھەت قىلىشى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەرەبىستاندا داڭلىق ئادەم بولۇشقا باشلانغۇچ ئامىل بولغان ، نەتىجىدە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك ۋەزىپە تەيىن قىلىنىپ ئەرەپ قەبىلىلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ماجرا ، تالاشلارنى ھەل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان .

## 2 - قىسىم . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلىشى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلغان زاماندا ھەزرىتى ئۆمەر 27 ياشتا ئىدى . ئۆمەرنىڭ ئىككى تۇققىنى زەيدنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق . بۇنىڭدىن ھەزرىتى ئۆمەر ئائىلىسىگە تەۋھىد ئەقىدىسى يات ، ناتونۇش ئەمەسلىكى مەلۇم (يەنى ھەزرىتى ئۆمەر بىر اللەدىن باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئەقىدىنى چۈشىنەتتى ) .ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىن زەيدنىڭ ئوغلى سەئىد مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇنىڭ رەپىقىسى يەنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەمشىرىسى پاتىمە مۇسۇلمان بولغان ئىدى . يەنە بۇ ئائىلىنىڭ ئىمتىيازلىق كىشىسى بولغان نەئىم ئىبنى ئابدۇللامۇ مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان ئىدى . پەقەت ھەزرىتى ئۆمەرلا دىن ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى ، بەلكى ئىسلامنىڭ ئاشكارە بولۇش ۋە كېڭىيىشىدىن غەزەپلىنەتتى ، ھەتتا ئۆز قەبىلىسى ئىچىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا دۈشمەنلىك قىلاتتى . ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدە دىدەك بولۇپ تۇرغان « لبينە » ئىسىملىك ئايال تەۋھىدنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەرنىڭ بەك رەڭزەربىسى ۋە دىل ئازارى بۇ خوتۇنغا قارىتىلغان ئىدى ، ئۆمەرنىڭ ئىمان نۇرى بىلەن قەلبى يورۇغانغا قەدەر لبينەنى ئۇراتتى ، بىرئاز ساقايغاندىن كېيىن يەنە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇراتتى . لبينەدىن باشقىلارغىمۇ ئۆمەر شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى ، لېكىن بۇ دىل ئازارلار ۋە مۇشاقەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلاردا تەسىرى كۆرۈلمەيتتى . ئەھلى تەۋھىدنىڭ سەبرى تاقىتى ، مۇستەھكەم مەيدانى ۋە دى-

نى ئەقىدىلىرىدىن قىلچە ۋاز كەچمىگەنلىكى ئۆمەرنى چۆچۈتىۋەتكەنلىكىدىن ئۆ-
مەر ئىسلام دىنىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ تونۇلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆل-
تۈرۈپ مۇسۇلمانلىقنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشنى قارار قىلغان . ئۆمەر قولىغا
قىلىچ ئېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭغان بولسىمۇ خۇ-
دانىڭ قەدرى ۋە ھۆكمى بۇنىڭغا كۆلدى ئەمەلىيەتتە ! ئۆمەر مۇسۇلمانلىقنى
يوقۇتۇشقا ئەمەس بەلكى ئىسلام دائىرىسىگە كىرىشكە ماڭغان ئىدى . ئۆمەر
يولدا كېتىپ باراتتى يولدا نەئىم ئىبنى ئابدۇللا بىلەن ئۇچراشتى . ئۆمەرنىڭ
قارىشىدىن كۆڭلى ئۈيگەن نەئىم :« نەگە ماڭدىڭ ؟ »دەپ سورىدى . « مۇھەم-
مەدنى ئۆلتۈرگىلى » دىدى ئۆمەر . « سەن ئەۋۋەل ئۆز ئائىلەڭگە قارا ، سىڭىڭ
قىز ھەمشىرەڭ بىلەن كۈيئوغلۇڭ مۇسۇلمان ئەمەسمۇ ؟ » دىدى نەئىم . ئۆمەر
دەرھال قايتىپ قىز بىرتۇققىنى قېشىغا ماڭدى . پاتىمە قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرات-
تى . ئۆمەر ئىشىكىدا تۇرۇپ قاتتىق ۋاقىرىدى . پاتىمە ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ۋە قۇرئان ۋاراقلىرىنى يوشۇرۇپ قويدى . ئۆمەر ئۇنىڭ
قىرائەت قىلىۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغان ئىدى ۋە پاتىمەدىن سورىدى « نىمە ئوقۇدۇڭ
؟ » ، « ھېچ نەرسە » دىدى پاتىمە . ئۆمەر قايتا — قايتا سورىدى ۋە « ئاتا —
بوۋاڭنىڭ دىنىدىن قايتىپسەن ھە ! »دىدى ۋە كۈيئوغلى بىلەن ئۇرۇشقىلى ، تې-
پىشكىلى تۇردى . پاتىمە ئىككىسىنىڭ ئارىسىغە كىرىپ ئېرىنى قۇتقۇزۇشنى
قەستلىدى ، لېكىن ئۆمەرنىڭ بىر مۇشتى تەگىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈز — كۆزى قا-
ناپ كەتتى . پاتىمە ئۇنلۇك يىغلاپ تۇرۇپ « ئى ئۆمەر ! نىمە قىلساڭ قىل ،
مۇسۇلمانلىقتىن يانمايمىز ! »دىدى . بۇ سۆزلەر ئۆمەرنى بەك تەسىرلەندۈردى
ۋە قىز قېرىندىشىغا قارىدى ئۇنىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىغىنى كۆرۈپ يىغلىدى .
« خەير ! ھېلىقى نەرسىڭىزنى كۆرسىتىڭ » دىدى ، پاتىمە قۇرئان ۋاراقلىرىنى
كۆرسەتتى ، ئۆمەر ئوقۇغىلى تۇردى .

« سبح لله مافى السموت والار وهوالعزيزالحكيم① . لهملك السـ
موت والار يحى ويميت وهوعلى كل شى قدير② . هوالاول والاخر وال
اهر والبا وهوبكل شى عليم③ . هوا ى خلق السموت والار فى ستة
ايام استوى على العرش يعلم مايلج فى الار ومايخرج منها ومايبنزل من السـ
ما ومايعرج فيها وهومعكم اين ماكنتم واللهبماتعملون ب ير④ . لهملك
السموت والار والى الله ترجع الامور⑤ . يولج اليل فى النهار ويولج الـ

ھارفي الل وھو عليم ات ال  در⑥ . امنوباللەورسولە··· » (تەرجىمىسى : — ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللەغا تەسبىھ ئېيتتى ، الله غالىبتۇر ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر① . ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر ، الله ئۆلتۈرەلەيدۇ ، تىرىلدۈرەلەيدۇ ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر② . اللەنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر ، ئىنتىھاسى يوقتۇر ، (الله) ئاشكاردۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر) ، مەخپىيدۇر ( يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ) ، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر③ . الله ئاسمان ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى ، (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى ، الله زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى ، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى ، بىلىپ تۇرىدۇ ، سىلەر قەيەردە بولساڭلار الله سىلەر بىلەن بىرگە ، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر④ . ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر ، ھەممە ئىش اللەغا قايتۇرۇلىدۇ⑤ . الله كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ ، الله دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر⑥ . اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار) . دېگەن يەرگىچە ئوقۇپ كېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۈنلۈك يىغلىدى ۋە دېدى : « اشهدان لاالهالاالله واشهدان محمدارسول الله » (ئايەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىغاندا ئايەتنىڭ ھەربىر كەلىمىسى ئۆمەرنىڭ دىماغ ، ۋۇجۇدىنى ھاياجانغا سالغان ئىدى ) .

بۇچاغدا رسول الله سافا تېغىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەرقەم(ر)   نىڭ ئۆيىدە تۇرۇقلۇق ئىدى . ئۆمەر ھەمشىرىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئىشىكنى قاقتى . ئەسھابىلار قارىسا ، ئۆمەر قىلىچ بىلەن تۇرغىدەك . ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغىنىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى . ساھابىلەر ئىشىكنى ئېچىشتىن ئىككىلىنىپ قالدى . ھەزرىتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ « ئىشىكنى ئېچىڭلار ! ياخشى ئوي ۋە مەقسەت بىلەن كەلگەن بولسا تېخى ياخشى ، بولمىسا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىچى بىلەن كې-

سىپ تاشلايمەن »دېدى . ئۆمەر ئىچكىرى كىردى ، رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېنىدا تۇردى ۋە « نېمىشقا كەلدىڭ ئى ئۆمەر ؟ »دېدى . پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاۋازى ئۆمەرنى قورقۇنچىغا سالدى ، ئۆمەرنىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى ۋە تىترىگەن ئاۋاز بىلەن « مۇسۇلمان بولغىلى كەلدىم » دەپ جاۋاپ بەردى . رەسۇل ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالام « اللەاكبر »(الله ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ) دېدى . پۈتۈن مۇسۇلمانلارمۇ تەكبىر ئېيتتى ، تاغلار تەكبىر ئاۋازى بىلەن جاراڭلاپ كەتتى .

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى ئىسلامىيەتكە يېڭى بىر دەۋر ئاچتى . بۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى 40 - 50 دىن ئاشمىغان ئىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەپلەرنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ شېھىدلەر غوجىسى ھەمزە بار ئىدى . مۇسۇلمانلار تېخى پەرىز بولغان دىنى ئىشلىرىنى ئاشكارە ئادا قىلالمايتتى . مۇسۇلمانلارنىڭ كەبەتۇللادا ناماز ئوقۇشى مۇمكىن بولمىغان ئىدى . ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ھەممە ئىش ئۆزگەردى ، ئۆمەر مۇسۇلمانلىقنى ئاشكارە قوبۇل قىلدى ، بۇ سەۋەپتىن بەك ئېغىر تاجاۋۇزلارغا دۇچار بولۇش بىلەن بىللە ھەر ھادىسىگە كۆكرەكنى كېرىپ تاقابىل تۇراتتى . ئاخىرى بىر كۈنى باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە كەبىدە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇدى . ئىبنى ھىشام ئابدۇللائىبنى مەسئۇددىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :« ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرەيشلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ كەبىدە ناماز ئوقۇدى بىزمۇ بىللە بار ئىدۇق » . ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ 6 - يىلى مۇسۇلمان بولغان .

## 3 - قىسىم . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھىجرىتى

قۇرەيش مەلۇم مۇددەتكىچە رەسۇلۇللاھنىڭ تەشۋىق ، تەبلىغلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن ، ئەمما مۇسۇلمانلىق كېيىنچە باشلىغانىسرى قۇرەيشنىڭ بىپەرۋالىقى غەزەپكە ۋە تەسىرگە (تەشىرلىنىشكە) ئۆرۈلدى . قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىشىدىن غەم يەپ مۇسۇلمانلىقنى تاجاۋۇزلۇق ھەركىتى قوزغاش

ئارقىلىق يوقۇتۇشنى قارار قىلدى . پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب ھا-
يات چېغىدا مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا يامانلىق قىلالمىغان ئىدى . ئەبۇ تالىب
ۋاپات بولۇش بىلەنلا ، مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم ۋە تاجاۋۇزغا ئۇچ-
راشقا باشلىدى . قۇرەيشلەر شۇنداق ياۋۇزلۇق قىلدىكى ، قولغا چۈشكەن
مۇسۇلمانلارنى چىدىغۇسىز ئازار ۋە زەربىگە ئۇچراتتى . جەبرىلەنگۈچى مۇ-
سۇلمانلارغا ، ئەگەر ئىمانى يېڭى بىر روھ ، يېڭى كۈچ قۇۋۋەت كىرگۈزمىگەن
بولسا ، بۇلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا بەرداشلىق بېرىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى . بۇ ۋەزىيەت 5 — 6 يىل داۋام قىلدى . بۇ مۇددەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ
دىن ئۈچۈن ئۇچرىغان دەرت ـئەلەملەر جاھان تارىخىنىڭ ئەڭ ھەسرەتلىك يە-
سىللىرىنى تەشكىل قىلىدۇ .

بۇ جەرياندا مەدىنىنىڭ مۆتىبەر ئادەملىرىدىن بىر جامائەت كىشى مۇسۇل-
مانلىقنى قوبۇل قىلدى . رسول ئەكرەم قۇرەيشلەرنىڭ تاجاۋۇزلىرى ۋە زۇلۇمل-
رىدىن ياقىسىنى ئاجرىتالمىغانلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى
.شۇنىڭغا ئاساسەن ، ئەبۇ سەلىمە ، ئابدۇللا ئىبنى ئەشھەل ، ئاندىن ھەز-
رىتى بىلال ، ئەممار ئىبنى ياسىرلار مەدىنىگە كەتتى . بۇلارغا ئەگىشىپ ھەزر-
تى ئۆمەر 20 نەپەر مۇسۇلمان بىلەن بىللە مەككىنى تاشلاپ مەدىنىگە ماڭدى .
ئىمامى بۇخارى ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغانلار 20 كىشى دەپ با-
يان قىلسىمۇ بۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سانىمىدى . ئىبنى ھاشىم بۇلارنىڭ بىر نەچ-
چىسىنىڭ ئىسمىنى بايان قىلىدۇ. بۇلار : زەيد ئىبنى خەتتاب ، سەئىد (زەيد
ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى ) ، خنيس بن هۇزافه السهمى ، عمر بن سراقه ، عبدالله
بن سراقه ، واقد بن عبدالله ، خولى ابى خولى ، مالك بن ابى‌خولى ، اياس
بن بكر ، عامر بن بكر ، خالد بن بكرلەردۇر ، بۇنىڭ ئىچىدە زەيد ئۆمەرنىڭ
قېرىندىشى ، سعيد كۈيئوغلى ، خۇنەيس دامادى باشقىلار دوسلىرى ئىدى .
مەدىنە كىچىك بىر شەھەر بولغاچ مۇھاجىرلار تولاراق مەدىنىدىن 2 ـ3 پوتەي يى-
راقتىكى قۇبادا يەرلەشكەن ئىدى . ھەزرىتى ئۆمەر رىفائە بن ئابدىل مۇنزىر
قېشىدا تۇرغان ئىدى . قۇبانىڭ يەنە بىر ئىسمى عوالى بولغاچ سەھىھ مۇسلىم-
دا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تۇرغان جايى عوالى دەپ يېزىلغان . ھەزرىتى ئۆمەردىن
كېيىن يەنە باشقا ساھابىلەر ھىجرەت قىلدى . ئاخىرىدا رسول‌الله مىلادىنىڭ
633 — يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى .

ھەزرىتى رسول الله مەدىنىگە كېلىپلا بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ
بىرسى مەدىنىگە كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ تۇرىدىغان جايىنى تەيىن قىلدى .
رسول الله مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار (مەدىنىلىكلەر) ئارىسىدا قېرىنداشلىق
ئەھدى تۈزۈپ ئورناتقانلىقتىن ، مۇھاجىرلار ئەنسارلارنىڭ ئۆيىدە تۇردى ۋە
ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ، نەرسە ـكېرەكلىرىدىن بىرتۇققاندەك پايدىلاندى .
رسول الله مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىشتا
ھەربىر كىشىنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنى نەزەردە تۇتقان ئىدى . مەسىلەن : ھەزرىتى
ئۆمەر ئۆزىدەك بىر قەبىلە باشلىقى بولغان ئەتبان ئىبنى مالىك بىلەن قېرىنـ
داش بولغان . ئەتبان بولسا بەنى سالىم قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ئىدى . رسوـ
ل الله مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ مۇھاجىرلارنىڭ تولاراقى قۇبادا قالـ
غان بولۇپ ، ھەزرىتى ئۆمەرمۇ شۇ يەردە تۇرىۋەرگەن . شۇنداقتىمۇ ھەزرىتى
ئۆمەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم مەدىنىگە بېرىپ رەسۇلۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرـ
غان . ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزى رسول اللەنىڭ يېنىغا بارالمىغان كۈنلىرى قېرىندىـ
شى ئۇتبانىنى كىرگۈزەتتى ۋە پۈتۈن كۆرگەن ـبىلگەن ئەھۋالنى ئاڭلاپ تۇراتـ
تى . ئىمام بۇخارى « سەھىھ بۇخارى »نىڭ نۇرغۇن بۆلۈملىرىدە (مەزمۇنلىرىدا
)بۇنى رىۋايەت قىلدۇ .

مەدىنىدە ئۆتكەن دەۋرلەردە دىن ئىسلامنىڭ رۈكنلىرى( تۇتقۇلۇق ۋەزىپىـ
لىرى ) ۋە پەرزلىرى تەيىن قىلىندى . مەككىدىكى چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ هاـ
ياتى تىنچ ئۆتمىگىنى ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىلەرنى بەلگۈلەشكە مۇمكىن بولمىغان ئىدى
. ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئۆز هاياتىنى قوغداش ۋە خەـ
تەردىن ساقلىنىش ئىدى .

مەدىنىگە كېلىشتىن بۇرۇن روزا ، زاكات ، جۈمە نامىزى ، ھېيت نامىزى ،
سەدىقە فىتىر قاتارلىقلار تېخى يوق ئىدى . نامازمۇ بەك قىسقا بولۇپ خۇپتەنـ
دىن باشقا نامازلار ئىككى رەكەت ئوقۇلاتتى ، ئەزان ئوقۇلمايتى . رەسۇل
ئەكرەم ئەلەيھىسسالام ناماز ۋاقتىنى مەلۇم قىلىش توغرىسىدا ساھابىلار بىلەن
مەسلىھەتلەشتى . خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىلار ئىبادەت ۋاقتىنى قوڭغۇراق
چېلىش ياكى ناغرا چېلىش بىلەن ئىلان قىلاتتى . مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى
« بىزمۇ شۇنداق قىلساق » دەپ پىكىر بەردى . بىر كېچە ئۆتتى ، ئەتىسى هەـ
زرىتى ئۆمەر كىلىپ « مۇسۇلمانلاردىن بىرسى ئەزان ئوقۇسا » دەپ پىكىر بەرـ

دى . رەسۇلۇللاھ بۇنى قوبۇل قىلىپ ھەزرىتى بىلالنى مۇئەززىنلىككە تەيىنلىدى . ئەزان نامازنىڭ باشلانغۇچ ئىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ شۇئارى . بۇ چوڭ شۇئارنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن يولغا قويۇلۇشى جانابى فارۇق ئەزەم ئۈچۈن بەك بۈيۈك پەخىردۇر .

# 4 ـ قىسىم . رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھاياتى

ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادى 623 ـ يىلى) دىن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر ھەزرىتى ئۆمەردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بارلىق ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەر ھەقىقەتتە رەسۇلۇللاھ ھاياتى تارىخىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتۈن جەڭلەرگە ۋە دۈشمەنلەر بىلەن توختام قىلىشقان ئەھدىنامىلەرگە ، ئىسلامنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلىق ئىشلارغا ، ئىچكى ـ تاشقى ئىشلارنى ئىدارە قىلىش ، كېڭەش مەجلىسلىرىگە ئىلغارلىق بىلەن قاتناشتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىنى تولۇق يازىدىغان بولساق بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ جەرياندا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى قانچىلىك چوڭ بولسا بولسۇن ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا باغلىق ۋە تەرجىمىھالىغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەقەلەرنى قىسقارتىپ يېزىش لازىم بولدى. پەقەت ھەزرىتى ئۆمەرگە خاس مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقەلەرنى تەپسىلى يازىمىز. گەرچە بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەھمىيەت ۋە راۋاج بىلەن مەيدانغا چىقمىسىمۇ بۇنى يېزىشقا مەجبۇرمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە يۆتكىلىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدە راھەت ۋە ئامانلىقتا بولۇش بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشنى مۆلچەرلەپ مۇسۇلمانلارنى تېز مۇددەتتە تۈپتىن يوقۇتۇشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى قارار قىلىشتى. شۇنىڭغا ئاساسەن ، ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە مەدىنىگە قارشى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. لېكىن مۇشرىكلارنىڭ

ئۇمۇدىچە بولماي، ھىجرەتنىڭ 2 - يىلىغىچە كۆڭۈل بۆلگىدەك بىرەر ھادىسە يۈز بەرمىدى. پەقەت قۇرەيش مەدىنىگە قارشى 2-3 قېتىم تاجاۋۇزلۇق يۈرگۈزدى، بۇلارغا قارشى رسول الله تەرىپىدىن ئەسكەر ئىبەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر نەتىجە قازىنالمىدى. ھىجرەتنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 624 - يىلى) بەدرى ئۇرۇشى بولدى. بۇ ۋەقەنىڭ باشلىنىشى مۇنداق:

قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ سۇفيان سۈرىيەدىن بىر بۆلۈك تىجارەت ماللىرى بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. يولدا، بۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تاجاۋۇزغا ئۇچراشتىن ئىبارەت خاتا ۋە يەڭگۈش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەبۇ سۇفيان مەككىگە ئادەم ئىبەرتىپ بۇلارنى قوغداشقا ياردەم كۈچ تەلەپ قىلدى، قۇرەيشمۇ ئەبۇ سۇفياننىڭ تەلىپىنى دەرھال ئىجرا قىلىپ، قوراللىق كۈچ تەييارلاپ چىقتى.

بەزى تارىخچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ كارۋاننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن چىققانلىقىنى يازسىمۇ بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوق. بۇ ھەقتە ئەڭ قەتئى ئاساس بولغان «قۇرئان كەرىم» ھادىسىنى يۇقارقىدەك ئىزاھلايدۇ. رسول الله قۇرەيشنىڭ ئەبۇ سۇفيانغا ياردەم كۈچ چىقارغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن بۇلارغا قارشى 313 جەڭچى تەييارلاپ يولغا چىقتى. «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دەيدۇ: «كمااخرجك ربك من بيتك بالحق وان فريقامن المومنين لكارهون يجدلونك في الحق بعدماتبين كانمايساقون الى الموت وهم ين رون وا يعدكم الله احداال ائفتين انهالكم وتودون ان غير آت الشوك تكون لكم »(تەرجىمىسى: مۆئمىنلەرنىڭ بىر قىسمى سىنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلمىغان ھالدا رەببىڭ سىنى ئۆيۈڭدىن چىقىشقا بۇيرىدى. ئۇلارغا ھەق ئاشكارە بولغاندىن كېيىن سەن بىلەن ئۇلار تاكاللاشتى. جانابى الله سىزگە ئىككىدىن بىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ۋەدە قىلغاندا سىز قوراللىق دۈشمەننىڭ سىزلەرگە توغرا كېلىشىنى ئارزۇ قىلدىڭلار. جانابى ھەق ئۆزىنىڭ ئىلاھى سۆزلىرى بىلەن ھەقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىرادە قىلىدۇ».

بۇ ئايەت كەرىملەر قەتئىي ئىسپاتلايدۇكى: ئەۋۋەلدە رسول الله مۇسۇلمانلارنى قۇرەيشكە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرغاندا بۇلارنىڭ بىر قىسمى خۇددى ئۆلۈمگە ھەيدەلگەندەك قورقۇشتى. ئىككىنچىدىن، مەككىلىكلەر ئىككى بۆلەك ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئىدى، بىرسى، ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك بول-

غان مەككىدىن چىققان قوراللىق قوشۇن ئىدى. يەنە بىرسى، ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى سودىگەر گۇرۇھى بولۇپ ئەبۇ سۇفيان بىلەن 40 ئادەم بار ئىدى. غەيرەتلىك 313 مۇجاھىدنىڭ 40 ئادەمدىن قورقۇپ ئۆلۈمگە ھەيدەلگەندەك بىئارام بولىشى ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلالىق ئىش ئەمەس. ئەگەر مۇسۇلمانلار كارۋاننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەركەتلەندۈرۈلسە، ئۆلۈم ۋە ھالاكەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەس ئىدى.

ھىجرەتنىڭ 2 - يىلى رامىزاننىڭ 8 - كۈنى قۇرەيشلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جەڭ بولدى. مۇسۇلمانلار 313 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇلاردىن 83 كىشى مۇھاجىرلار (مەككىلىك ساھابىلەر)، قالغىنى ئەنسارلار (مەدىنىلىك ساھابىلەر) ئىدى. قۇرەيش ئەسكىرى 950 كىشىدىن تەشكىللەنگەن ئىدى. جەڭ بەدرى دىگەن يەردە بولدى. بۇيەر مەدىنىدىن 13 كۈنلۈك يىراق بولۇپ، جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلبىسى، قۇرەيشلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇسۇلمانلاردىن 14 كىشى شېھىد بولدى، بۇلاردىن 6 كىشى مۇھاجىرلار، 8 كىشى ئەنسارلار ئىدى. قۇرەيشتىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلدى، 70 كىشى ئەسىر ئېلىندى. قۇرەيش تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ئەبۇجەھىل، ئۇتبە، شەيبەدەك مەككىنىڭ كاتتىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ جەڭ قۇرەيشنىڭ ھەشەمەتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان بىر ۋەقە بولدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ جەڭگە رەھبەرلىك قىلىشقا ياردەم بەردى، مەردانىلىك ۋە قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ بۇ جەڭگە قاتنىشىشىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار ئىدى. تۆۋەندە بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرىمىز:

1. بەدرى ئۇرۇشىغا قۇرەيش قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى قاتناشقان بولۇپ، يەقەت بەنى ئەدىي (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەبىلىسى) قەبىلىسىدىن بىرمۇ ئادەم قاتناشمىدى. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كاتتىلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھەزرىتى ئۆمەردىن قورققان ئىدى.

2. بەدرى ئۇرۇشىغا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەبىلىسىدىن ۋە ئىتىپاقچىلىرىدىن 21 كىشى مۇسۇلمانلارغا قوشۇلۇپ قاتناشتى. بۇلار: زەيد، ئابدۇللاھ ئىبنى سۇراقە، ۋاقىد، خەۋلى، مالىك ئىبنى خەۋلى، ئامىر ئىبنى رەبىئە، ئامىر ئىبنى بەكرى، ئاقىل ئىبنى بەكرى، خالىد ئىبنى بەكرى، ئىياس ئىبنى بەكرىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى سانىيالايمىز.

3 . بەدرى جېڭىدە ھەممىدىن بۇرۇن شېھىد بولغان مۇسۇلمان ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قۇلى مىھجەج ئىدى.

4 . بەدرى جېڭىدە ، قۇرەيشنىڭ چوڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تۇققىنى بولغان ئاسىم ئىبنى ھىشامنى ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈردى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى دىن ئىسلام يولىدا تۇققانلىقنى ، دوستلۇقنى ، يېقىن بولۇشتەك مۇناسىۋەتلەرگە يۈزخاتىرە قىلمايتتى. مەزكۇر ئاسىم ۋەقەسى بۇنىڭ دەلىلى.

بەدرى ئۇرۇشىدا قۇرەيشلەردىن 70 ئادەم ئەسىرگە چۈشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇرەيشلەرنىڭ ئالى قوماندانلىرىدىن بولغان ئاببباس ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېرىندىشى ئۇقەيل ، ئەبۇل ئاس ئىبنى رەبىئە ، ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئېغىر خارلىق بىلەن ئەسىرگە چۈشۈشى مۇسۇلمانلارغا بەك چوڭ تەسىر قالدۇرغان ئىبرەتلىك ھادىسە ئىدى. ھەزرىتى رسۇل اللەنىڭ خاتۇنى سەۋدە رەزىياللاھۇ ئەنھا بۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشكىنىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز ھالدا مۇنداق دېدى: «تەسلىم بۇلۇشتىڭىزمۇ؟ ئابروي نومۇسىڭىز بىلەن ئۆلۈش (ئۆز ئىختىيارى مۇسۇلمان بولۇپ ئۆلۈش) سىزلەرگە مۇناسىپ ئەمەسمىدى ؟».

بۇ ئەسىرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك ؟ بۇ توغرىسىدا رسول اللە كېڭەش مەجلىسى ئاچتى. مەجلىستە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر چۈشتى. ھەزرىتى ئابابەكرى ، بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئۆز جامەئەسىدىن بولغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇلاردىن فىدىيە(تۆلەم )ئېلىپ قويۇپ بېرىشنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزگىچە پىكىردە بولۇپ ئىسلامىيەتنىڭ قان تومۇر بىرلىكىگە ئاساسەن بىركىمگە ئايرىم مۇئامىلە قىلمايدىغانلىغىنى ، ئەكسىچە بۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش كېرەكلىكىنى ، شۇنداقلا ئۆلتۈگەندىمۇ ھەر قايسى مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ يېقىن تۇققۇنىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ، مەسىلەن: ئۇقەيلنى ئۆزىنىڭ بىر تۇققىنى ئەلى ، ئاببباسنى ئۆز ئىنىسى ھەمزە ئۆلتۈرۈشنى ، ئۆمەر ئۆزىمۇ يېقىنلىرىدىن بولغان ئەسىرلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشنى دېدى. رسول اللە ئەپۇ قىلىش ، كەچۈرۈم قىلىش تەرىپىنى تۇتۇپ ئابابەكرىنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلدى . فىدىيە ئېلىش بىلەن ئەسىرلەرنى پۈتۈنلەي قويۇپ بەردى. بەدرى ئۇرۇشى قۇرەيشلەرنىڭ بەل تومۇرىنى كېسىش بىلەن بىللە يېڭى مۇشكۇللۇكلەرنىڭ يۈز بې-

رىشىدىن تۇسالغۇ بولمىدى. مەدىنىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدا بىر بۆلۈك يەھۇدىلار ياشايتتى. رسول الله مەدىنىگە كەلگەن زاماندىن باشلاپ بۇلار بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكەن بولۇپ، ئەھدىنامىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ياخشى ئۆتىشەتتى. مەدىنىگە قارشى تاجاۋۇز يۈز بەرسە دۈشمەنگە ياردەم بەرمىدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرىدىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىلار مۇسۇلمانلار كۈچ قۇۋۋەت تاپقاندىن كېيىن ئۆزىگە رەقىپ بولۇشىدىن قورقتى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىش ئۈچۈن «قۇرەيش گۇرۇھى ھەربىي تاكتىكىدىن خەۋەرسىز ئادەملەر، ئەگەر مۇسۇلمانلار بىز بىلەن سوقۇشۇپ باقسا ئۇرۇش، سوقۇشنىڭ نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى بىلىپ قالىدۇ» دەپ سۆز چۆچەك پەيدا قىلىشتى. بۇخىل ئەھۋال مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا سۈركۈلۈش پەيدا بولۇشقا سەۋەپ بولدى. نەتىجىدە ھىجرىيەنىڭ 2 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا يەھۇدىلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى، بۇ ئۇرۇشتا يەھۇدىلار ئەسىرگە ئېلىنىپ، مەغلۇپ بولۇپ مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئىسلام تارىخىدا، مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ماجرالار بولغانلىقىنى كۆرىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باش ئۇچى مۇشۇ ۋەقەدۇر.

بەدرىدىكى مەغلۇبىيەتكە ئەگەشتۈرۈپ، قۇرەيش گۇرۇھى مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش غەرىزى بىلەن يۈرىكى كۆيمەكتە ئىدى. ئەبۇ سۇفيان بەدرى ئىنتىقامىنى ئالمىغۇچە ئارام ئالماسلىققا قەسەم ئىچتى. نەتىجىدە ھىجرىيىنىڭ 2 - يىلى زۇلھەججە ئېيىدا ئەبۇ سۇفيان تۆگە مىنگەن 200 نەپەر قۇرەيش قوشۇنى بىلەن مەدىنىگە يوشۇرۇن كىردى ۋە ئىككى نەپەر مۇسۇلماننى ئۆلتۈردى. رسول الله بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئەبۇ سۇفياننى قوغلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئەبۇ سۇفيان قېچىپ كەتتى. قۇرەيشنىڭ بۇ خىل شۇملۇقلىرى داۋام قىلىپ تۇردى. ئاخىرى ھىجرىيىنىڭ 3 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا ئوھۇد ئۇرۇشى بولدى. ئەبۇجەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە: «ئەسكەرلەرنىڭ چىقىمىنى ئەبۇ سۇفيان ئۈستىگە ئالسا بەدرى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىلى بولىدۇ» دەپ داۋراڭ سالدى، ئەبۇ سۇفيانمۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. كىنانە ۋە تەھامەنىڭ پۈتۈن قەبىلىلىرى قۇرەيش بىلەن بىرلەشتى. مۇكەممەل تەييارلانغان بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ئەبۇ سۇفيان ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ قوشۇننى شەۋۋال ئېيىنىڭ 4

ـ كۈنى (چاشەنبە كۈنى) مەدىنىگە ئېلىپ مېڭىپ، مەدىنە ئەتراپىغا كېلىپ ئور-
ۇنلاشتى. رەسۇل اللەنىڭ پىكرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنە ئىچىدە تۇرۇپ شە-
ھەرنى قوغداش، مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ئەسھابى كى-
راملار بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمىدى. جۈمە كۈنلۈكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مە-
دىنە سىرتىغا چىقتى. قۇرەيش ئەسكىرىنىڭ سانى 3000 غا يېقىن ئىدى، بۇلار-
نىڭ ئىچىدە 700 نەپىرى تۆمۈر كىيىملىك ئىدى، 200 نەپەرى ئاتلىق ئەسكەر ئى-
دى. قۇرەيش ئەسكىرىنىڭ ئوڭ قانىتىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد، سول قانىتىغا ئەبۇ-
جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە قوماندان بولدى. مۇسۇلمانلاردىن توپلانغان مۇجا-
ھىدلار 700 نەپەر ئىدى. بۇلاردى 100 كىشى تۆمۈر كىيىملىك، 200 كىشى ئات-
لىق ئىدى. مەدىنىدىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوھۇد تاغ ئېتىكىدە ئىككى تە-
رەپ ئەسكىرى قارشىلاشتى. ئىسلام ئەسكىرىنىڭ ئاقا تەرىپىنى مۇھاپىزەت قى-
لىشقا مەسئۇل بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى
50 نەپەر ئوقچى قوشۇن ئارقىدا تۇردى. شەۋۋال ئېيىنىڭ 7 ـ كۈنى (شەنبە)
جەڭ باشلاندى. دەسلەپتە ھەزرىتى زۇبەير ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ھەركەت قىلىپ
قۇرەيشنىڭ ئوڭ قانات ئەسكىرىنى چېكىندۈردى. ئاندىن ئومۇمى ھۇجۇم
باشلاندى. ھەزرىتى ئەلى، ھەمزە، ئەبۇدەجانەلار دۈشمەنلەرنىڭ سېپىگە ئىل-
گىرلەپ بۆسۈپ كىرىشى بىلەن قۇرەيش دەھشەتلىك بۇرۇلۇشقا دۇچار بولدى.
بۇ مۇۋاپىقىيەتكە مەغرۇرلىنىپ مۇسۇلمانلار غەنىمەت يىغىشقا يۈگۈرۈشتى. ئوق-
چى قىسىممۇ جەڭ ئاخىرلاشتى، دەپ قاراپ ئۇلارمۇ ئۆز جايىدا تۇرماي غەنىمەت
ئېلىشقا يۈگۈرۈشتى. ئوقچى قىسىملارنىڭ ئۆز جايىنى تاشلىغانلىقىنى كۆرگەن
خالىد دەرھال ھەيۋەتلىك بىر تاجاۋۇزغا يۈزلەندى، مۇسۇلمانلار بۇ ھۇجۇمغا
بەرداشلىق بېرەلمەي چېچىلىپ كەتتى. قۇرەيش پۈتۈن كۈچى بىلەن رسول اللە-
غا ھۇجۇم قىلدى، رسول اللەنىڭ ئۈستىگە تاش، ئوقلارنى ياغدۇردى ۋە بىر
چىشىنى سۇندۇرىۋەتتى، يۈزىنى جاراھەت قىلىۋەتتى، بېشىدىكى سۇپەر (تۆمۈر
قالپاق) گە ئورۇلغان زەربە بىلەن سۇپەرنىڭ سۇنۇقى رسول اللەنىڭ قاۋزىغا پې-
تىپ كىتىپ جاراھەت قىلدى. رسول اللە بىر چوڭقۇرغا چۈشۈپ كېتىپ كىشىگە
كۆرۈنمىگەنلىكتىن رسول اللەنىڭ شېھىد بولغانلىق خەۋىرى تارقىلىپ كەتتى. مۇ-
سۇلمانلارنى ھەيرانلىق بېسىپ، رەھى چۈشۈپ، سەپلىرى چېچىلىپ كەتتى. پەي-
غەمبىرىم بىلەن ئەڭ ئاخىرغىچە مۇستەھكەم تۇرغان ساھابىلارنىڭ سانى توغرى-

سىدا ئوخشاش بولمىغان سۆزلەر بار ، ئىمامى مۇسلىم ھەزرىتى ئەنەستىن نەقىل
قىلىپ ، ئەنسارلاردىن 7 كىشى ، مۇھاجىرلاردىن 2 كىشىنىڭ رسول اللەبىلەن بىللە
تۇرغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇلار سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس بىلەن تەلھە ئىدى .
نەسەئى ۋە بەيھەقىنىڭ ئىشەنچلىك بىر رىۋايىتىگە ئاساسەن ، رسول اللە بىلەن
بىللە ئەنسارلاردىن 11 كىشى ، مۇھاجىرلاردىن تەلھەغىنە مۇستەھكەم تۇرغانلىقىـ
نى بايان قىلىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى سەئىد 14 كىشىنىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ .
ھاپىز ئىبنى ھەجەر بۇ رىۋايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئىسلام جەڭچىلىرى ئارقا تەـ
رەپتىن تاجاۋۇزغا ئۇچراپ بىر پاراكەندە بولغاندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ رسوـ
ل اللە قېشىغا توپلاشقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان رىۋاـ
يەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈشتىن شۇ مەلۇم بولىدىكى ، رسول اللە شېھىد
بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى مەدىنىگە
يەتكەنگە قەدەر قايتىپ كەتكەن ، يەنە بىر قىسمى ، رسول اللە دۇنيادىن كەتـ
كەندىن كېيىن ھايات تۇرغانىنىڭ ھېچ پايدىسى يوقلىقىنى ئويلاپ ئۆلۈپ تۈگـ
گەنگە قەدەر ئۇرۇشۇشنى قارار قىلغان ، ئۈچىنچى قىسمى ، ئۆمۈتسىزلىككە ئۇچـ
راپ جەڭ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق دەپ قاراشقان. ھەزرىتى ئۆمەر مۇشۇ قاـ
راشتا ئىدى . مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق قاسىم ئىبنى ئابدىراخماندىن نەقىل قىلىـ
دۇكى ، تەلھە بىلەن بەزى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ ئۆمۈتسىزلىك بىلەن تۇـ
رۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئەنەس ئىبنى نەزرى بۇلاردىن «نىمە ئىش قىلماقچى سىـ
لەر ؟» دەپ سورىدى ، ھەزرىتى ئۆمەر رسول اللەنىڭ شېھىد بولغانلىق خەۋىرى
تارقالغانلىق گېپىنى قىلدى ، بۇنىڭغا قارىتا ئەنەس «رسول اللە شېھىد بولغانـ
دىن كېيىن سىلەر ياشىيالامسىلەر ؟! سىلەرمۇ ئۇ زاتدەك شېھىد بولۇڭلار!»
دىدى ۋە كاپىرلارنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كېتىپ تاكى شېھىد بولغانغا قەدەر
جەڭ قىلدى. قازى ئەبۇيۇسۇپ رەھمەتۇللاھ ئۆزى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇنداق
بايانىنى يازدى :«ئەنەس ئىبنى نەزرى قېشىمدىن ئۆتۈپ رسول اللەنىڭ ئەھۋاـ
لىنى سورىدى ، ئۆز تونۇشۇم بويىچە ‘رسول اللە شېھىد بولۇپتۇ’ دەپ خەۋەر
بەردىم ، ئەنەس ‘رسول اللە جاھاندىن كەتسە جانابى ھەق تىرىكتۇر ، ھەمىشە
باردۇر’ دىدى ۋە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ جەڭ قىلىپ شېھىد بولدى» . ئىبنى ھىشام
ئېيتىدۇ :«ئەنەس ئىبنى نەزرى نىڭ بەدىنىنىڭ 70 يېرى زەخمىلەنگەن ئىدى» .
تەبەرىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا تەلھەمۇ ئۆمەر بىلەن بىللە ئىدى .

ئوھۇد سۇقۇشى مەيدانىدا ھېچ كىمنىڭ تەلھەدەك مۇستەھكەم ئالغا باسالمىغىنىغا ھەممە كىشى قايىلدۇر، شۇنداقلا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جەڭ مەيدانىدىن يانمىغىنى ھەم خەۋەرلەردىن ئېنىقتۇر. ھەزرىتى ئۆمەر رسول اللەنىڭ ھايات بارلىقىنى ئۇقارئۇقماس رسول اللەغا قوشۇلدى. تەبەرى بىلەن ئىبنى ھىشام ئېيتىدۇ: «مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات بارلىقىنى بىلگەن ھامان دەرھال قوشۇلۇپ ھەممىسى بىرلىكتە تاغنىڭ بىر تەرىپىگە ھەركەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز قېشىدا ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئابابەكرى، تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ، زبەير ئىبنى ئاۋام ھارىس ئىبنى سەممەلەر بار ئىدى». ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوھۇد كۈنى قايتىپ كەلگىنىنى پەقەت بىرلا تارىخچى - بىلازرى سۆزلەيدۇ. ئۇ كىشى «شەرەپلىك كىشىلەرنىڭ نەسەبلىرى» دىگەن كىتابىدا «ئوھۇد كۈنى قاچقانلارنىڭ بىرى ئۆمەر، لېكىن ئۆمەرنىڭ بۇ خاتالىقى كەچۈرۈلگەن» دەيدۇ. مۇندىن باشقا بىلازرى يەنەبىر رىۋايەتنى يازىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۆمەر خەلىپە بولغان زاماندا بەزى كىشىلەرگە ئۇنىۋان، دەرىجە تۇختۇتۇشقا باشلىغاندا بىر كىشىگە بەرمەكچى بولغان دەرىجىگە قارشى پىكىر چۈشكەندىن كېيىن، ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ بۇ كىشىدىن ئارتۇقراق دەرىجە بېرىشكە تىگىشلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن، ھەزرىتى ئۆمەر بۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرۇپ، دەرىجە ئالماقچى بولغان كىشىنىڭ ئوھۇد كۈنىدە ئابدۇللاھنىڭ دادىسى ئومەدىن زىيادىراق غەيرەت بىلەن ئالغا باسقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ رىۋايەتلەر ئىلمى مۇھاكىمە تەرىپىدىن توغرا ئەمەستۇر. ھېچكىم جەڭ مەيدانىدىن قېچىشنى قەست قىلغان جىنايىتنى مۇنداق ئاشكارە ئېتىراپ قىلمايدۇ. رىۋايەت تەرىپىدىن قارىغاندا بۇ رىۋايەت ئىشەنچىسىزدۇر. بىلازرى بۇ رىۋايەتنى ئاببباس ئىبنى ئابدۇللاھ باكسائى بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتا دۆگگەيدۇ. بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئەھۋالى نامەلۇم ئادەملەردۇر. مۇندىن باشقا رىۋايەتلەر بۇنىڭ ئەكسىچە.

خۇلاسە سۆز، خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇدۇل رسول الله تەرەپكە ئىلگىرلىدى. بۇچاغدا رسول الله بىلەن ئۈچ نەپەر سەبدىشى بار ئىدى. رسول الله خالىدنىڭ ئىلگىرلەپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى تەرەپكە بېسىپ كېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ خۇداغا ئىلتىجا قىلدى. شۇ زامان ئۆمەر بەزى ئەنسارلار ۋە مۇھاجىرلار بىلەن ھەركەتلىنىپ، خالىدنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇر-

دى. دەل شۇ چاغدا قۇرەيش ئەسكىرىنىڭ باش قوماندانى ئەبۇسۇفيان ئىلگىرلەپ كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات بار-يوقلۇقىنى سورىدى. رەسۇل ئەكرەم ئەبۇ سۇفيانغا جاۋاپ بەرمەسلىككە ئىشارەت قىلدى. ئەبۇسۇفيان ئابابەكرى، بىلەن ئۆمەرنى سورىدى، يەنە جاۋاپ ئالالمىدى. ئەبۇسۇفيان بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپتۇ دەپ توندى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئۆمەر چىداپ تۇرالماي «ئى اللەنىڭ دۈشمىنى! ھەممىمىز بۇيەردە بار!» دەپ تۇۋلىدى. ئەبۇسۇفيان «ئۇلۇق ھوبول» دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلاللە ھەزرىتى ئۆمەرگە «اللە بەك ئالى، بەك ئۇلۇق» دەپ جاۋاپ بەر دەپ ئىشارەت قىلدى.

بۇ يىل ئىچىدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسەنى رەسۇلاللە نىكاھىغا ئالدى. ئۆمەرنىڭ قىزى جاھالىيەت دەۋرىدە (ئىسلامدىن بۇرۇن) خۇنەيس ئىبنى ھۇزاپەگە تەككەن ئىدى، خۇنەيس ئۆلگەندىن كېيىن ئۆمەر قىزىنى ھەزرىتى ئابابەكرىگە بېرىشنى ئارزۇ قىلدى، ئابابەكرى بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى، ئاندىن ھەزرىتى ئوسمانغا تەكلىپ بەردى، لېكىن ئوسمانمۇ ئىختىيارقىلمىدى. ھەر ئىككىسى رەسۇلاللەنىڭ ھەفسەنى ئالغۇسى بارلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرىيىنىڭ 3 - يىلى ھەفسە رەسۇلاللەنىڭ خاتۇنلىرى قاتارىغا قوشۇلدى. ھىجرىيىنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 626 - يىلى) بەنى نەزىر ۋەقەسى بولدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن مەدىنىنىڭ ئىچىدە ۋە ئەتراپىدا ياشايدىغان يەھۇدىلار بارلىقىنى، رەسۇلاللەنىڭ بۇلار بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامە تۈزگىنىنى سۆزلىگەن ئىدۇق. بەنى قەينۇقاھ يەھۇدىلىرى ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق دۈشمىنى بولغان ئىككىنچى قەبىلە بەنى نەزىر يەھۇدىلىرى ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 4 - يىلى ھەزرىتى رەسۇلاللە ئابابەكرى، ئۆمەر بىلەن بىللە يەھۇدىلەرگەمۇراجات قىلىپ ياردەم سورىدى. بەنى نەزىريەھۇدىلىرى ئۆمەر ئىبنى جاھاش ئىسىملىك بىر ئادەمنى بىر ئۆگزىگە چىقىرىپ رەسۇلاللەنىڭ بېشىغا چوڭ تاشتىن بىرنى تاشلاپ يوقۇتۇشنى قارار قىلىشتى، ئۆمەر ئىبنى جاھاش ئۆگزىگە چىقتى ۋە رەسۇلاللەنىڭ ھاياتىغا سۇيىقەست قىلغىلى تەييارلاندى. دەل شۇ چاغدا رەسۇلاللە بۇ سۇيىقەستتىن خەۋەردار بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ مەدىنىگە قايتىپ كېتىپ، بەنى نەزىرگە مەدىنە تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق بەردى. لېكىن بۇلار رەسۇلاللەنىڭ بۇيرۇقىغا

بويسۇنماي ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. مۇسۇلمانلار بۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بەنى نەزىرنىڭ بىر قىسمى سۈرىيەگە، بىر قىسمى خەيبەرگە كېتىپ ئۇ يەردە ھۆكۈمەت قۇردى.

خەيبەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقى سالام ئىبنى ئەبۇل ھەقىق، كەنانە ئىبنى رەبىئ، ھۇيەي ئىبنى ئەختەبلەر ئىدى. يەھۇدىيلار خەيبەرگە يەرلەشكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۇيەردە خاتىرجەم ۋە قوغدىنىش كۈچىگە ئىگە ھېساپلاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن قايتا يەنە بىر ئۇرۇشۇشقا تەييارلانغىلى تۇردى. يەھۇدىيلار قۇرەيشنى قۇترىتىشتىن تاشقىرى، باشقا قەبىلىلەرنىمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا كۈچكۈرتتى. ئومۇمەن، پۈتۈن ئەرەبىستاننى مۇسۇلمانلارغا قارشى خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەت بىلەن ھەركەتلەندۈردى. ھىجرىيىنىڭ 5 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەبۇسۇفيانىنىڭ باشچىلىقىدا مەدىنىگە قاراپ ماڭدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىن چىقىپ مەدىنە ئەتراپىدىكى بىر تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر خەندەك كولاتتى. ئەرەبىستان سوقۇش تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولغان بۇ خەندەكتىن ئوبدان پايدىلاندى. قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بۇ خەندەكتىن ئۆتەلمىدى، بۇنىڭ بىلەن مەدىنىنى قورشاپ تۇرۇپ تاشقىرىدىن كېلىدىغان يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى كىرگۈزمىدى. بەزەن چاغدا خەندەككە ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ غەلبە قىلالمىدى. خەندەكنى قوغداشقا رەسۇلۇللاھ كاتتا ساھابىلەرنى مەسئۇل قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ خەندەكنىڭ بىر يېرىنى قوغداشقا مەسئۇل ئىدى. مۇشۇ يەردە ھەزرىتى ئۆمەر نامىدى سېلىنغان ھازىرغا قەدەر ناماز ئوقۇلىۋاتقان بىر جامە بار.

مۇئاسىرە بىر ئاي داۋاملاشتى. بىر كۈنى كاپىرلار خەندەككە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەلگەندە ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن زەئىد بۇلارنى چېكىندۈردى. يەنە بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر پۈتۈن بىر كۈن دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشتى، ناماشمۇ ئوقۇيالمىدى. ئۆمەر بۇ توغرىدا رەسۇلۇللاھغا ئەھۋال بايان قىلغاندا رەسۇلۇللاھمۇ ئۆزىنىڭ ئۇ كۈنى ناماز ئوقۇيالمىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ كۈنكى جەڭدە ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ داڭلىق قەھرىمانى ھېساپلانغان ئەمىر ئىبنى ئابدۇدنى ھەزرىتى ئېلى ئۆلتۈردى، بۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن قۇرەيش قورقتى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلىقنى يوشۇرۇن قوبۇل قىلغان نۇئەيمى ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى قۇرەيشلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىنى بۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇنىڭ

بىلەن ھەمىنە ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان بۇ كۇفرى بۇلۇتى ئاستا - ئاستا پارچىلىنىشقا ۋە مەدىنە ئەتراپى كۈندىن- كۈنگە بۇ قارا بۇلۇتتىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى . ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى رسول الله كەبىنى تاۋاپ قىلىشنى نىيەت قىلدى ، ھەمدە قۇرەيشنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن رسول الله ' ھېچكىم قۇرال ئالمىسۇن ' دەپ بۇيرۇق بەردى . مەدىنىدىن 6 مىل يىراقلىقتىكى زۇلھۇلەيفە دېگەن يەرگە يەتكەندە ئۈمەر بۇ ئىشنىڭ ( يەنى قۇرالسىز مەككىگە كىرىشنىڭ ) مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئويلاپ رسول اللهغا مۇراجات قىلدى . رسول الله ئۈمەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ قۇرال ئېلىپ كېلىشكە مەدىنىگە ئادەم ئەۋەتتى . مەككىگە ئىككى قونالغۇ ( ئىككى قونۇپ بارىدىغان يول ) يول قالغاندا بەشىر ئىبنى سفيان رسول اللهغا قۇرەيش گورۇھىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ھەرەمگە كىرگۈزمەسلىككە قەسەم قىلىشىپ ئەھدى توختام قىلىشقانلىقىنى خەۋەر قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن رسول الله قۇرەيشكە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ساھابىلاردىن بىر ۋەكىللەر ئۆمىگى كىرگۈزۈشنى ئويلىدى . بۇ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ھەزرىتى ئۈمەرگە يۈكلىگەن بولسىمۇ ، ھەزرىتى ئۈمەر قۇرەيشكە قارشى قاتتىق ئاداۋىتى بارلىقىنى ھەم مەككىدە ئۈمەرگە ياردەم بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوقلىقىنى سۆزلەپ بۇنىڭ ئۈچۈن مەككىدە يېقىن تۇغقانلىرى كۆپ بولغان ھەزرىتى ئوسماننى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش تەكلىپىنى بەردى . رسول الله بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ئوسماننى مەككىگە ئەۋەتتى . ھەزرىتى ئوسمان مەككىگە كىرگەندىن كېيىن قۇرەيش ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ توختىتىپ قويدى . بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارالدى . رسول الله ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن 1400 نەپەر ساھابىدىن رسول الله بىلەن بىللە ئاخىرقى تىنىقىغىچە جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەھدى ئالدى . بۇ ئەھدى بىر دەرەخ تۈۋىدە بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا « بەيئەتىل شەجەرەتى » ( دەرەخ تۈۋىدىكى بەيئەت ) دەپ نام بېرىلدى . قۇرئان كەرىمدە :« دەرەخ تۈۋىدە تۇرغاندا ساڭا بەيئەت بەرگەن مۆمىنلەردىن الله رازى بولدى » دەپ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن بۇ « رىزۋان بەيئىتى » دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە . ھەزرىتى ئۈمەر بۇ بەيئەت ئېلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ جەڭگە تەييارلانغان ئىدى . « بۇخارى » دا ئېيتىلىشىچە : ھەزرىتى ئۈمەر ھۇدەيبىيەدە مەدىنىلىك ساھابىلارنىڭ بىرىدىن

بىر ئات ئارىيەت ئېلىش ئۈچۈن ئوغلى ئابدۇللانى ئەۋەتكەن . ئابدۇللا شۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ رسول اللەغا بەيئەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۆزىمۇ بېرىپ بەيئەت بەردى ۋە قايتىپ بېرىپ دادىسىغا خەۋەر بەردى . بۇ چاغدا ئۆمەر قۇراللىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېرىپ بەيئەت بەردى . قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىكتە ئىرادىسىدە چىڭ تۇردى ، ئۇزۇن تالاش - تارتىشتىن كېيىن بىر تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈلدى . ئەھدىنامە مەزمۇنىدا : « مۇسۇلمانلار بۇ يىل ھەرەمگە كىرمەي قايتىدۇ ، بىر يىلدىن كېيىن كېلىپ ھەرەمنى تاۋاپ قىلىدۇ . زىيارەت ۋاقتى ئۈچ كۈندىن ئاشمايدۇ » دېيىلگەن ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا « 10 يىلغىچە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولمايدۇ . بۇ جەرياندا قۇرەيش تەرەپتىن بىر كىم مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە بارسا قۇرەيشكە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ ، مۇسۇلمانلاردىن بىركىم قۇرەيش تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە ئۇ كىشىنى قۇرەيش رسول اللەغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ » دېگەندىن ئىبارەت ئىدى .

ئەھدىنامە ئىمزالىنىشتىن بۇرۇن بۇ شەرتلەردىن خەۋەردار بولغان ھەزرىتى ئۆمەر خۇسۇسەن كېيىنكى ماددىنىڭ قۇرەيشنىڭ پايدىسىغا بولغىنىدىن نارازى بولۇپ ھەزرىتى ئەبابەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ شەرتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى سورىدى . ئەبابەكرى رسول اللە قىلغان ئىشنىڭ بىر سىر ۋە ھېكمەت بارلىقىنى سۆزلىسىمۇ ئۆمەر بۇنىڭغا قانائەت قىلماي بېرىپ رسول اللەدىن سورىدى .

- سىز اللەنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ؟ - دەپ سورىدى ئۆمەر .

- چوقۇمكى مەن اللەنىڭ پەيغەمبىرى - دەپ جاۋاپ بەردى رسول اللە .

- مۇشرىكلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەسمۇ ؟ - دېدى ئۆمەر .

ھەئە ، دۈشمىنىمىز - دېدى رسول اللە .

- ئانداق بولسا نېمىشقا دىنىمىزنى خار قىلىشقا رازى بولىمىز ؟

رسول اللە :

- اللەنىڭ پەيغەمبىرى اللەنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشنى قىلمايدۇ - دېدى

ئۆمەرنىڭ رسول اللەغا قىلغان بۇ سۆزى بەك جۈرئەتلىك بولدى . كېيىن ئۆمەر بۇ ئىشقا بەك پۇشايمان قىلىپ بۇ خاتالىقىنىڭ اللە تەرىپىدىن ئەپۇ قىلى-

ھېشنى ئۈمىد قىلىپ ئىبادەت قىلدى ۋە نەپلى روزىلارنى تۇتتى ، پېقىرلەرگە سەدىقە بەردى ، نۇرغۇن قۇللارنى ئازاد قىلدى . پەقەت بۇ سوئال جاۋاپلار رسول اللەنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسى پىكرى ۋە قايسىسىنىڭ ۋەھى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ئاساس قىلغان سوئال ئىدى . ئەسىرىمىزنىڭ كېيىنكى قىسمىدا بۇ مەسىلەرنى قايتا ئىزاھلاپ ئۆتىمىز .

ئەھدىنامە يېزىلغاندىن كېيىن رسول اللە ، ئۆمەر ۋە باشقا كاتتا ساھابىلاردىن بىر بۆلۈكلىرى ئىمزا قويدى . ئەھدىنامە ئىمزالانغاندىن كېيىنلا رسول اللە سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە قايتىپ كەتتى . يولدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا « فەتىھ » سۈرىسى نازىل بولدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرنى چاقىرىپ بۇ ئۇلۇغ سۈرىنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى ، بۇ ئايەتلەرنىڭ ئۆز نەزىرىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ نازۇ نېمەتلىرىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى . (سەھىھ بۇخارى ) . مۇھەددىسلەر بۇ توغرىسىدا توختۇلۇپ : ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەر بىر بىردىن تامامەن ئايرىم ياشىغانلىقى ،ئارىسىدا قەتئى مۇناسىۋەت يوقلىقىنى بايان قىلدۇ . ھالبۇكى بۇ توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ، ئىسلامغا دائىر مەسىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى . نەتىجىدە ، ئەھدىنامىدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئىلگىركى 8 يىلدىكىدىن كۆپرەك مۇسۇلمانلار كۆپەيدى . رسول اللە تەرىپىدىن نەزەردە تۇتۇلغان ئەمما ئۆمەر چۈشۈنەلمىگەن پايدا مۇشۇ ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا بۇ توختامنامە قۇرئاندا روشەن غەلىبە دەپ كۆرسۈتۈلدى .

بۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇسۇلمان ئەرلەر بىلەن مۇشرىك ئاياللار ئۆزئارا توي قىلىشاتتى . پەقەت « ولاتمسكوا بعصم الكوافر »دېگەن ئايەت چۈشىشى بىلەن مۇسۇلمانلار مۇشرىك خوتۇنلاردىن ۋازكەچتى . بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز نىكاھىدىكى ئىككى مۇشرىك ئايالنى تالاق قىلدى . بىرسىنىڭ ئىسمى قەرىبە يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئۇممۇگۇلسۇم ئىدى . بۇلارنى بوشاتقاندىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر سابىت قىزى جەمىلە بىلەن توي قىلدى ، ئۆمەرنىڭ ئاسىم ئىسىملىك ئوغلى مۇشۇ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان .

شۇ يىلى رسول اللە دۇنيانىڭ مەلۇم ھۆكۈمەتلىرىگە تەكلىپ خەتلىرى يېزىپ

بۇلارنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا چاقىردى .ھىجرەتنىڭ 6 - يىلىدا خەيبەر سو-
قۇشى بولدى . يۇقۇرىدا بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنىڭ مەدىنىدىن قوغلاپ چىقى-
رىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ خەيبەرگە ئورۇنلاشقانلىقىنى يازغان ئىدۇق . بەنى
نەزىر مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ باشلىقلىرى قۇرەيشنى
مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتۈشكە باشلىدى . قۇرەيش بىلەن بىرلىشىپ مە-
دىنىگە تاجاۋۇز قىلغان ۋە مۇۋاپىقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ بۇ نىيىتى-
دىن يانمىغان ئىدى . ھىجرەتنىڭ 6 - يىلى بەنى سەئىد قەبىلىسىمۇ يەھۇدىلار-
غا ياردەم قىلىشقا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن رسول الله بۇلارغا قارشى ھەزرى-
تى ئېلىنى ئەۋەتتى ، نەتىجىدە بەنى سەئىد قېچىپ كەتتى ، 500 تۆگە ئولجا
ئېلىندى . بۇنىڭدىن كېيىن غەتفان قەبىلىسى يەھۇدىلارغا ياردەم بەرگىلى تەيى-
يارلاندى . رسول الله خەيبەر سوقۇشىغا ماڭغاندا بۇ قەبىلە بىلەن تۇتۇشتى .
يەھۇدىلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى داۋاملىق بىر خەتەرلىك ۋەقە چىقىرىشقا
ئۇرۇنغىنى ئۈچۈن بۇلار بىلەن جىددى بىر ئۇرۇشماق لازىم بولدى . ئانداق
بولمىغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . ھىج-
رەتنىڭ 7 - يىلى رسول الله 1400 نەپەر پىيادە ئەسكەر ، 200 نەپەر ئاتلىق
ئەسكەر بىلەن خەيبەرگە ماڭدى . يەھۇدىلار خەيبەردە نۇرغۇنلىغان مۇداپىئە
ئىستىھكاملارنى قۇرغان بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدە نائىم ، قەمۇس ، سەئىب ،
ۋەتىھ ، سولالىم قورغانلىرى مۇھىم ئىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەيىھ ، سولالىم
قورغانلىرىدىن باشقا قورغانلار ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈلدى ، پەقەت بۇ ئىككى
قەبىلنى ئېلىشتا بۇ قورغاننى ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى بولغان مەرھەب-
نىڭ قوماندىسى ئاستىدا بولغان تەيىھ بىلەن سولالىمنى كۆپ قىيىنچىلىق بول-
دى . ھەزرىتى ئابابەكرى بۇ قورغاننى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولمىغنى ئۈچۈن قو-
ماندانلىق ھەزرىتى ئۆمەرگە تاپشۇرۇلدى ، ئۇمۇ ئىككى كۈن ئۇرۇشۇپ قور-
غاننى ئالالمىدى . ئەتىسى رسول الله بۇ قورغاننى ئېلىشقا باشقا بىرىسىنى تە-
يىنلەيدىغانلىقىنى دېدى . پۈتۈن ساھابىلار قۇراللىنىپ رسول الله بايراقنى
ماڭا بىرەرمىكى دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلدى . ئۆمەر ئۆزىمۇ شۇ كۈنى رسول ال-
لەنىڭ بايراقدارى بولۇش شەرىپىنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى ئەمما بۇ شەرەپكە ھە-
زرىتى ئېلىنىڭ ئىگە بولغانلىقىنى بايان قىلدى . ھەقىقەتتە رسول الله ھەزرىتى
ئېلىنى چاقىرتىپ بايراقنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى ، مەرھەبنى ئېلى ئۆلتۈردى .

ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن جەڭ غەلىبە بىلەن ئاياقلاشتى . خەيبەر زېمىنىنى رسول الله مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى . بۇ يەرلەردىن سەمغى دىگەن يەر ئۆمەرگە تەقسىم قىلىندى ، ئۆمەر بۇ زېمىننى ۋەخپى قىلدى . بۇ ۋەقە تەپسىلى ھالدا « سەھىھ مۇسلىم » نىڭ ۋەخپە بابىدا تەپسىلى سۆزلىنىدۇ . بۇ ۋەخپە ئىسلام تارىخىدا تۇنجى ۋەخپىدۇر. [illegible] رسول الله ھەزرىتى ئۆمەرنى 30 مۇجاھىد بىلەن ھىۋازن قەبىلىسى بىلەن سوقۇشۇشقا ئەۋەتتى ، ھىۋازن خەلقى ئۆمەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قاچقانلىقى ئۈچۈن جەڭ بولمىدى .

ھىجرەتنىڭ 8 - يىلى مەككە قولغا كېلىندى . ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىنىڭ بىر ماددىسىدا قۇرەيش بىلەن ئىتتىپاق بولۇشنى خالىغان قەبىلىلەرمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى ئىگە بولىدىغانلىقى ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇشنى خالىغانلارمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى . شۇنىڭغا ئاساسەن ، خۇزائە قەبىلىسى مۇسۇلمانلار بىلەن ، بەكرى قەبىلىسى قۇرەيشلەر بىلەن ئىتتىپاق ئىدى . ئۇزۇن زاماندىن بىرى دۈشمەنلىشىپ كەلگەن بۇ ئىككى قەبىلە « ھۇدەيبىيە سۈلھىسى » دىن كېيىن قۇرال تاشلاشقان ئىدى . بىر قانچە كۈندىن كېيىن بەكرى قەبىلىسى ئەھدىنامىنى بۇزۇپ قۇرەيشنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ خۇزائە قەبىلىسىگە تاجاۋۇز قىلدى . خۇزائە كىشىلىرى ھەرەمگە كىرىۋالسىمۇ ئۇ يەردە يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى . ئاخىرى ئۇلار رسول الله قېشىغا كىلىپ ياردەم سورىدى . ئەبۇ سۇفيان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى ۋە تېنچلىق شەرتنامىسىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى . رسول الله ئەبۇ سۇفيانغا جاۋاپ بەرمىدى . ئەبۇسۇفيان ھەزرىتى ئابابەكرە سىددىق بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئارىغا چۈشۈپ رسول اللەغا گەپ قىلىشنى ئۆتۈندى . ئۇلار ' رسول الله نىمە دىسە شۇ ' دەپ جاۋاپ بەردى . ئەبۇ سۇفيان بۇنىڭدىن ئۆز مەقسىدىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشەندى .

رسول الله مەككىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلاندى ، ھىجرىينىڭ 8 - يىلى رامىزان ئېيىدا ئون مىڭ ئەسكەر بىلەن مەككىگە ماڭدى . رسول الله مەرروز تەھران دىگەن يەرگە بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ھەزرىتى ئاببباس رسول اللەنىڭ قېچىرىغا مىنىپ مەككىگە ماڭدى ، يولدا ئەبۇسۇفيان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

ئاباباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەبۇ سۇفيانغا نەسىھەت قىلىپ ، رسۇل اللەدىن ئامانلىق تىلەشنى (تىنچلىق بىلەن تەسلىم بولۇشنى) ، ئەگەر ئانداق بولمىغاندا يامان ئاقىبەتكە قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى . ئەبۇ سۇفيان نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ ئاباباس بىلەن رسۇل الله قېشىغا باردى . ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئاباباس بىلەن بىللە كەلگىنىنى كۆرۈپ ، ئاباباس ئەبۇ سۇفيانىنى ھىمايە قىلغان ئوخشايدۇ ، دەپ قاراپ غەزىپى كەلدى ۋە رسۇل الله قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەبۇ سۇفياندەك ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىنىڭ قولغا چۈشكىنىنى، ۋە رسۇل الله رۇخسەت بەرسە ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى . شۇ ھامان ئاباباس ئارىغا چۈشۈپ ئارلىشىپ : ئېھتىمال ئەبۇ سۇفيان ئابدۇماناپ ئەۋلادى بولماي خەتتاب ئائىلىسىدىن بولغان بولسا مۇنداق تەلەپنى قويماسدىڭىز ؟ دېدى . ئۆمەر ئاباسقا جاۋاپ بېرىپ : قەسەم قىلىمەنكى دادام خەتتاب مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان بولسا سىز مۇسۇلمان بولغان كۈندە خوش بولغاندەك خوشال بولمايتىم ، دېدى . رسۇل الله ئاباباسنىڭ ئارلاشقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەبۇ سۇفيانىنى ئەپۇ قىلدى . رسۇل الله كاتتا داغدۇغا بىلەن مەككىگە كىردى ۋە بەيتۇللادا بەك يالاغەتلىك نۇتۇق سۆزلىدى ، بۇ نۇتۇق پۈتۈن تارىخ كىتابلىرىدا تولۇقى بىلەن يېزىلغان . ئۇنىڭدىن كېيىن رسۇل الله ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن سافا تېغىغا بېرىپ توپ ـ توپ بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى . ھەزرىتى ئۆمەر رسۇل اللەدىن بىر نەچچە قەدەم تۆۋەن تۇرغان ئىدى . ۋاقىت خوتۇنلارغا كەلگەندە رسۇل الله ھەزرىتى ئۆمەرگە ئىشارەت قىلىپ خوتۇنلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئېيتتى ، ئۆمەر پەيغەمبىرىم نامىدا ئاياللارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى .

شۇ يىلى ھۇنەيىن سوقۇشى دەپ ئاتالغان ھۆۋازان سوقۇشى بولدى . ھۆۋازان بولسا ئەرەبىستاننىڭ خەتەرلىك يېرى ھېساپلىناتتى ، بۇ قەبىلە مۇسۇلمانلىقنىڭ كېڭىيىشىنى ئەڭ يامان كۆز بىلەن قاراپ ئۆچمەنلىك قىلاتتى . رسۇل الله مەككىنى ئېلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن قوزغالغان زامان ھوازىنلىقلار ئۆزىنى ئورۇش نىشانىسى دەپ قاراپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان ئىدى . پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھۆۋازانلىقلار مەككىگە ھۇجۇم قىلىشنى نىشانلاپ ھونەيىن دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتى . بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان رسۇل الله 12000 ئەسكەر بىلەن قوزغالدى . ئىككى تەرەپ ھونەيىن دېگەن يەر-

دە سوقۇشتى . ھۆۋازان دەسلاپتا مۇسۇلمانلارغا تاقابىل تۇرالماي چېكىندى
، بۇلارنى مەغلۇپ قىلغان مۇسۇلمانلار ئولجا جۇغلاشقا كىرىشىپ كەتكەندىن
كېيىن ھۆۋازان ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ كۈچىنى توپلاپ تەكرار ھۇجۇم قوزغىدى ،
مۇسۇلمانلار چوڭ پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى . مۇسۇلمانلاردىن بىرنەچچە
مىڭى مەيداندا مۇستەھكەم تۇردى، قالغىنى قېچىپ كەتتى . رسول الله بىلەن
مۇستەھكەم تۇرغان چوڭ ساھابىلارنىڭ بىرى ئۆمەر ئىدى . تەبرى بۇ ۋەقەنى
ئوچۇق يازغان . ئىمامى بۇخارىنىڭ ھەدىس ئۇستازلىرىدىن تەرجىمھال ۋە
جەڭ ۋەقەسىنى يېزىشنىڭ باشلىرىدىن سانالغان ئىبنى ئىسھاق ئېيتىدۇ : مۇھا-
جىرلار ، ئەنسارلار بىلەن رسول اللهنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن رسول الله بىلەن بىللە
ئەبابەكرى ، ئۆمەر ، ئەلى ، ئابباستەك زاتلار قالغان ئىدى . شۇنداقتىمۇ بۇ
بۇزغۇنچىلىقلارغا قارشى مۇسۇلمانلار يەنىلا غەلىبە قىلدى . ھوازىنلىقلاردىن
6000 نى ئەسىرگە ئالدى . ھىجرەتنىڭ 9 - يىلى ( مىلادى 629 - يىلى ) رۇم
پادىشاسى قەيسەرنىڭ ئەرەبستاننى بېسىۋېلىش قەستىگە چۈشكەنلىكى بىلىندى
. رسول الله تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىدى ، ئىقتىسادى ئەھۋالنىڭ يېتەرسىزلىكى-
گە ئاساسەن ئەساھابىلەرنىڭ ياردەم قىلىشى تەلەپ قىلىندى ، ئەساھابىلار بەك
كۆپ ياردەملەرنى قىلدى . ھەزرىتى ئۆمەر پۈتۈن ئىقتىسادىنىڭ يېرىمىنى ياردەم
قىلدى . جەڭچىلەر ئۈچۈن كىرەكلىك راسخوتلار توپلاندى . رسول الله مەككى-
دىن قوزغۇلۇپ تەبۇككە باردى ، قەيسەر تەرەپتىن تاجاۋۇزغا دائىر بىرەر بەل-
گۈ كۆرۈنمىگەچكە ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەلدى .

شۇ يىلى رسول الله خوتۇنلىرىدىن نارازى بولۇپ ھەممىسىدىن ناراقلى-
شىپ يالغۇز ئولتۇرغان ئىدى . مۇسۇلمانلار جامائەتى رسول الله ھەممە خوتۇ-
نىنى تالاق قىلىپتۇ دەپ گۇمانلىنىپ قايغۇردى . ھېچكىم بۇ توغرىسىدا رسول ال-
لە بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى . ھەزرىتى ئۆمەر بىرقانچە قېتىم ئىلتى-
ماس قىلىپ رسول اللهنى زىيارەت قىلىشنى ئۆتۈنىشىمۇ رۇخسەت بېرىلمىدى . ئا-
خىرى ھەزرىتى ئۆمەر رسول اللهنىڭ خادىمىگە : قىزىم ھەفسە توغرىسىدا ئەپۇ
سورىشىمنى گۇمان قىلغان بولسا قەسەم قىلىمەنكى ئۇ ھەقتە گەپ قىلمايمەن
بەلكى رسول الله ئەمر قىلسا قىزىم ھەفسەنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرىمەن ،
دېدى ۋە ئۆمەر رسول الله تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى . ئۆمەر رسول الله ھوزۇ-
رىغا كىرگەندىن كېيىن رسول اللهدىن سوئال سورىدى :

- خاتۇنلىرىڭىزنى تالاق قىلدىڭىزمۇ ؟

- ياق .

- ئانداق بولسا بۇ خوش خەۋەرنى خەلقلەرگە يەتكۈزۈشۈمگە رۇخسەت بېرەمسىز ؟

- بولىدۇ .

بۇ ئەھۋالدىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ رسول ئەكرەم ئەلەيھىسسالام ئالدىدا قانچىلىك يېقىنلىقى مەلۇم بولىدۇ . رسول اللەنىڭ ئۆممۇ سەلىمە دېگەن خوتۇنى بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئۆمەرگە مۇنداق دېدى : « ئى ئۆمەر ! رسول اللنىڭ ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىسەن ، ھەتتا خوتۇنلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈنمۇ ئارىلاشتىڭ » .

ھىجرەتنىڭ 10 - يىلى 632 ( - يىلى ) ئەرەبىستاننىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن بىر قانچە ھەيئەتلەر كەلدى ، يۈزمىڭلارچە ئادەم مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلدى . مۇشۇ يىلى رسول الله ۋىدالشىش ھەججىنى ( بەيتۇللا بىلەن خوشلىشىش ) ئادا قىلدى .

ھىجرەتنىڭ 11 - يىلى سەفەر ئېيىدا رسول الله زەيد ئىبنى ھارىس ئوغلى ئۇسامەنى بەيزانىيسلىقلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلاپ چوڭ ساھابىلاردىن بىر قانچىسىنى ھەمراھ قىلىپ بەردى . سەفەر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا رسول الله كېسەل بولدى ، بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر قوشۇننىڭ سەفەرگە مېڭىشى كېچىكتۈرۈلدى . مەشھۇر رىۋايەتلەردىن قارىغاندا رسول اللەنىڭ كېسىلى 13 كۈن داۋام قىلدى . بەيھەقى سەھىھ سەنەت بىلەن كېسەل مۇددىتىنى 10 كۈن دەپ سۆزلەيدۇ . رسول اللەنىڭ كېسىلى دائىم بىرخىل ئېغىر تۇرمىدى . بەزەن چاغدا قىزىتمىسى يۇقۇرى بولاتتى ، بەزى چاغدا خېلى ياخشىلىنىپ قالاتتى ، ھەتتا جامەگە چىقىپ ناماز ئوقۇيتتى . ھەتتا رەسۇلۇللاھ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بامدات ناماز ۋاقتىدا ھوجرىسىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ رسول الله بولمىسىمۇ خۇزۇھ - خۇشۇھ بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە خوش بولۇپ كۈلدى . رسول اللەنىڭ ۋاپاتىدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن مۇھىم ھادىسە قەغەز ھادىسىسىدۇر . رىۋايەتلەردىن قارىغاندا ، رسول الله ۋاپاتىدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى قەغەز - قەلەم ۋە سىياھ ئەكىلىڭلار ، دەپ بۇيرۇپ مۇسۇلمانلارنى ھەر تۈرلۈك ئازغۇنلۇقتىن ساقلايدىغان بىر نەرسە يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى سۆزلىدى . ھەزرىتى ئۆمەر رسول اللەنىڭ ئېغىر كېسەللىكىنى ، قۇرئان كەرىم قولىمىزدا بولغاندىكىن

مۇسۇلمانلارنىڭ ئازمايدىغانلىقىنى سۆزلىدى . باشقىلارمۇ رسول اللەنىڭ ( خۇدا پاناھ بەرسۇن ) بىكار گەپ قىلغانلىقىنى گۇمان قىلدى ( يەنى چىن كۆڭ- لى بىلەن دىمىدى دەپ ئويلىدى ) دىگەن زەئىپ رىۋايەت بار . بۇ زەئىپ رىۋا- يەتكە قارىتا بىر تەنقىدچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزىدە ( رىۋايەت راس بولغان تەق- دىردە ) ئۆمەر بەك ئەدەپسىزلىك ۋە باشتوگىلىق قىلغان بولىدۇ . رسول اللە ئو- رۇن تۇتۇپ يېتىپ ئۇممەتنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلاشنى مەقسەت قىلىپ ئۇممەتكە بىر رەھبەرلىك قىلغۇچىغا تاپشۇرۇپ بىرىشنى خالىغانلىقى ، پەيغەمبەرلىك ئالى دەرىجە ئىتىبارى بىلەن سەھۋەنلىك خاتالىقتىن سالامەت بولۇپ سۆزلىشى ئېنىق تۇرسا ئۆمەرنىڭ بىپەرۋالىق بىلەن گەپ قىلىشى ۋە قۇرئان كۇفايە ئىكەنلىكىنى ھەتتا - بىر رىۋايەتتىن قارىغاندا - رسول اللە چىن كوڭلى بىلەن سۆزلىمىدى دىگەنلىكى ئەجەپلىنىشكە تىگىشلىكتۇر . بۇ مەسىلىگە قارىتا خىلىدىن بىرى تالاش - تارتىشتا بولۇپ كەلدى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى گورۇھى بۇ مەسىلە توغۇرلۇق بارلىق تالاشلارنى ئىشلەتتى . تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىل- مى مۇلاھىزە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ھىچكىم كۆڭۈل بۆلمىگىنى ئۈچۈن مەسىلە- نىڭ تىگى ئېچىلمىدى . پەقەت بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىن كۆڭلى بىلەن ئېيتمىغانلىقىنى قۇۋەتلەشتى ، قالايمىقان سۆزلەش ئىنساندا پەيدا بول- دىغان ئىش بولسىمۇ پەيغەمبەر بولغان كىشى بۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ساغلام بو- لۇشى كىرەكلىكى مۇلاھىزە قىلىنمىدى . بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەن- دىكى نۇقتىلارنى نەزەردە تۇتۇش كىرەك :

1 - رسول اللەنىڭ كىسەللىكىنىڭ ئېغىرلىششى 13 كۈن داۋام قىلدى .

2 - رسول اللەنىڭ قەغەز - قەلەم تەلەپ قىلىشى ( بۇخارى بىلەن مۇسلىم- نىڭ رىۋايىتىدىن قارىغاندا ) پەيشەنبە كۈنلۈكتە بولغان ۋاپاتى دۈشەنبە كۈ- لۈكتە بولغان ، ئارىدا 4 كۈن ئۆمۈر كۆرگەن .

3 - رسول اللەنىڭ كىسەللىك داۋامدا ئەقلى سەزگۈرلىكىگە تەسىر يەت- كەن ، دەپ خەۋەر بىرىلمەكتە ، شۇ مۇناسىبەت بىلەن بۇ مەسىلە مۇنازىرە قىلىن- ماقتا .

4 - بۇ ھادىسە بولغان جەرياندا رسول اللە قېشىدا نۇرغۇن چوڭ ساھا- بىلار بولغانلىقى ۋە بۇ رىۋايەت بۇخارىدا 7 خىل شەكىلدە يېزىلغان ھالدا ئەسھابىلاردىن ھېچ قايسىسى بۇنىڭدا دائىر بىرەر نەرسە سۆزلىمىدى ، يالغۇز

ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتى بار .

5 ـ بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا ئىبنى ئابباس 13 ـ 14 ياشلاردا ئىدى .

6 ـ ئىبنى ئابباس بۇ ھادىسىنى كۆرمىگەن ھەم كۆرمىگەن تۇرۇپ كىمدىن ئاڭلىغانلىقى ئۇچۇق يېزىلمىغان .

7 ـ ھەممە رىۋايەتلەر رەسۇلۇل اللەنىڭ قەغەز ـ قەلەم تەلەپ قىلغان زاماندا ساھابىلار رسول اللەنى ھۇشىدىن كەتكەنلىكىنى بايان قىلىشماقتىدۇر . رسول اللەنىڭ ھۇشسىزلانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھېچ بىر ئالامەت بولمىغاچقا ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەغەز — قەلەم تەلەپ قىلىشى قانداق بىھۇشلۇق دېيىلسۇن ؟ ئىنسانلاردا يۈز بېرىدىغان مۇنداق ئىشلاردىن پەيغەمبەرلەر ساقلانمىغانلىقىنى قوبۇل قىلار بولساق بۇ ئادەتتىكى بىر ھادىسىنىڭ ھۇشسىزلىق شەكلىدە بولغان دەپ تەھلىل قىلىشقا نېمە سەۋەپ بار ؟ ھالبۇكى رسول ئەكرەمنىڭ قەغەز — قەلەم تەلەپ قىلىپ ئۈممەتنى توغرا يولغا باشلايدىغان بىر نەرسە يازدۇرىشىدا بىكار چاخچاق ئارلاشقان نەرسە يوق . شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ھەدىسنى سەھىھ دەپ قوبۇل‌قىلساقمۇ رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ بەك مۇھىم بولغان بىر نۇقتىنى تاشلاپ قويغىنىنى يەنى رسول اللەنىڭ سۆزلىرىدە بىكار گەپكە دائىر ياكى خەلقنىڭ رسول الله بىكار سۆز قىلدى دېيىشىگە سەۋەپ بولىدىغان تەرەپلەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز . مۇنداق بولغاندا ئەڭ زۆرۈر تەرەپنى تاشلاپ قويغان ھەدىسنى دەلىل قىلىش توغرىمۇ ؟ مۇندىن باشقا مۇنداق مۇھىم بىر زاماندا رسول الله قېشىدا بولغان چوڭ ساھابىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى ، ھەممە رىۋايەتلەر ئۇ يەردە ھازىر بولمىغان 31 ياشلىق بالا ئابدۇللا ئىبنى ئابباسقا قارىتىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتساق بۇ رىۋايەتنىڭ ئورنىنى — توغرىسىنى ئېيتقاندا — زەئىپ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئىگە بولىمىز . ئېھتىمالكى بەزى كۆز قارىشى يېتەرسىز تەنقىدچىلەر بۇخارىدەك ، مۇسلىمدەك ئىماملار تەرىپىدىن يېزىلغان ھەدىسلەرنىڭ تەنقىد ۋە ئىشەنچلىكلىكىدىن گۇمانلىنىشتىن تەسىرلىنىدۇ . شۇنى بىلەلەيمىزكى ، بۇخارىنى ، مۇسلىمنى تەنقىد قىلىش ، ئۇلارنىڭ تەپسىلى ھالدا يازمىغانلىقىنى كۆرۈپ ۋەقەۋە رىۋايەتلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدىن گۇمانلىنىش ، پەيغەمبىرىمىزنى سەزگۈرلىكىنى يوقۇتۇپ سۆزلىگەن دىگەندىن ، ھەزرىتى ئۆمەرگە بىئەدەپلىك قىلدى دىمەكتىن تېخىمۇ مەسئۇللىقى ئازراق ۋە توغرىراق ھەركەتتۇر .

بۇ ۋەقەگە ئەگىشىپ رەسۇلۇللاھ 4 كۈن ياشىدى . بۇ جەرياندا نۇرغۇن يول كۆرسۈتۈش ۋە نەسىھەت قىلىش بىلەن بولدى . ۋاپات قىلغان كۈندە رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىدىن ئەسھابىلار خاتىرجەم بولۇشۇپ قالغان ئىدى . ھەزرىتى ئابابەكرى مۇشۇ كۈنى مەدىنىدىن 20 كىلومېتىر ناراق بولغان ئۆيىگە كەتكەن ئىدى . ھەزرىتى ئۆمەر بولسا ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتقا قەدەر مەدىنىدە بولدى . رەسۇل ئەكرەم ھىجرىيىنىڭ 11 -يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 - كۈنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيىدە نەپەس ئۈزدى . ئەتىسى سەيشەنبە كۈنى پېشىندىن كېيىن دەپنە قىلىندى . رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئېيتىپ بولغۇسىز تەسىر ۋە مۇسىبەت قوزغىدى ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى باشقۇرالماي رەسۇلۇللاھنى ۋاپات بولدى دىگۈچىنى ئۆلتۈرمەن دىگىنىنى ئومۇمى يۈزلۈك نەقىل قىلىنىشى ئەملى ئەھۋالنىڭ گۇۋاھلىقى ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى تۇتالمىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ . پەقەت مەدىنىدە ھەربىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىتنە ،بۇزغۇنچىلىق سېلىشنى قەست قىلىدىغان نۇرغۇن مۇناپىقلار بولغاچقا ھەزرىتى ئۆمەر مەلۇم پايدىلىق مەقسىدى بىلەن بۇ خەۋەرنىڭ تارقاپ كېتىشىنى توسۇماقچى بولغان . بۇ ئىش رىۋايەتلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاشمىغان شەكىللەرنى ئالدى . بۇخارىدا بىزنىڭ قىياسىمىزغا ئوخشاش بولمىغان بەزى بايانلار يېزىلدى .

## 5 - قىسىم . ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىكى ئۆمەر

پەيغەمبىرىم ۋاپات بولۇشى بىلەنلا خەلىپىلىك ( ئورۇن باسارلىق ) تالاش - تارتىشلىرىنىڭ باشلىنىشىدا ، ئەسھابى كىراملارنىڭ بۇ ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىنى دەپنە قىلىشنى نەزەردە تۇتماسلىقى كىشىلەرنى ھەيرانلىقتا ۋە نارازىلىقتا تاشلىشى مۇمكىن . رەسۇلۇللاھنى جان - جىگىرى بىلەن سۆيگەن ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق پىداكارلىقنى ئىختىيار قىلغان زاتلارنىڭ ئۇ زاتنى كېيىنكە ئېلىپ دەپنىگە تەييارلاشنى ئۇنتۇپ رەھبەرلىك

ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەركەتلىنىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئەلبەتتە ئېچىنارلىقتۇر. ئىسلام ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئېيى بولغان ئابابەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭمۇ بۇ تالاش - تارتىشقا شېرىك بولۇش ئۈچۈن رسول ئەكرەمنىڭ تەكفىن‌تەجھىز ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغىنىنى ئەسلىسەك ھەيرانلىقىمىز قاتمۇ - قات ئارتىدۇ . بەنى ھاشىم بىلەن ھەزرىتى ئېلىدەك رسول ئەكرەم بىلەن يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ زاتنىڭ تەكفىن‌تەجھىز ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشى لازىم بولغان كىشىلەرنىڭمۇ بۇ رىقابەتچىلىك ماجىراسىغا ئىشتىراك ئەتكىنىنى مۇلاھىزە قىلساق ئۇ چاغدا بۇ ئەھۋال ناھەيىتى بىر ھەسرەتلىك ماھىيەتنى ئالىدۇ .

ھەدىسلەر ۋە تەرجىمھال كىتاپلارنىڭ كىشىلەرگە بىرىدىغان ھىسسىياتى مۇشۇ مەزمۇندا ئىكەنلىكىگە تەسلىم بولىمىز. ھالبۇكى ئەھۋالنىڭ ھەقىقىيىتى ئانداق ئەمەس . گەرچە ھەزرىتى ئابابەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ رسول اللەنى تەكفىن‌تەجھىز قىلىشتىن بۇرۇن بەنى سەئىدەنىڭ ( مەدىنىلىك ساھابى ؛ردىن بىر ئايماق كىشىلەرنىڭ ) ھويلا سەھنىسىگە كەتكەنلىكى راست ، ھەتتا ھەزرىتى ئابابەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنى يالغۇز ئەنسارغا ئەمەس بەنى ھاشىم ۋە ھەزرىتى ئېلىغا بىسىم ئىشلىتىش بىلەن قوبۇل قىلدۇرۇشنى خىيال قىلغىنىمۇ راستتۇر . چۈنكى بەنى ھاشىم بۇلارنىڭ رەئىسلىكىنى ئالدىراپ قوبۇل قىلمايتى . بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم :

1 - خەلىپىلىك ھەققىدىكى تالاش - تارتىش يا ھەزرىتى ئۆمەر ، يا ھەزرىتى ئابەكرى تەرىپىدىن پەيدا بولغانمىدى ؟

2 - ھەزرىتى ئابابەكرى بىلەن ئۆمەر بەنى سەئىدە سەھنىسىگە ئۆز ئارزۇسى بىلەن بارغانمىدى ؟

3 - ھەزرىتى ئېلى بىلەن بەنى ھاشىمنىڭ خەلىپىلىكنى قولغا ئېلىش ئارزۇسى بارمىدى - يوقمىدى .

4 - ھەزرىتى ئابەبەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ ھەركىتى توغرىمىدى - ئەمەسمىدى ؟

بىرىنچى سوئال ھەققىدە بەك مۆتىۋەر بەك ئىشەنچلىك ئەسەر بولغان ئەبۇ يەئلانىڭ مۇسنەدىدىن مۇنۇ ئىبارەتنى كۆچۈرىمىز :ھەزرىتى ئۆمەر ئېيتىدۇ: رسول الله ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتىم تاشقىرىدىن بىر ئادەم توۋلاپ

:« ئى خەتتاب ئوغلى ! تاشقىرى چىق ! » دېدى . مەن جاۋاپ بېرىپ « بۇ يەردە ئىشىمىز بار ، رسول اللەنى دەپىنگەتەييارلاش بىلەن مەشغۇلمىز » دېدىم . بۇ ئادەم :« بىر ھادىسە يۈز بەردى ، مەدىنىلىك ساھابىلار بەنى سەئىدىنىڭ سەھنىسىگە يىغىلدى ، سىز دەرھال بېرىڭ ئۇلار قۇراللىق ماجراغا سەۋەپ بولىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويمىسۇن » دېدى . مەن شۇچاغدا ئەبۇبەكرىگە ئىككىمىز بىللە بارايلى دېدىم . »

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى : مەيلى ھەزرىتى ئابابەكرى ، مەيلى ھەزرىتى ئۆمەر بولسۇن خەلىپىلىك مەسىلىسىدىن ئىبنز ئاچمىغان ، بەنى سەئىد سەھنىسىگە ئۆزىچە بارمىغان .

2 ـ مەسىلىگە كەلگەندە ، شۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن ئىدى ، بىرىنچىسى ، ئېلى بىلەن بىرلىكتە بەنى ھاشىم ، ئىككىنچىسى ، ئابابەكرى بىلەن ئۆمەر باشچىلىقىدىكى مەككىلىك مۇھاجىرلار ، ئۈچىنچىسى ، سەئىد ئىبنى ئىبادە باشچىلىقىدىكى ئەنسارلار . بۇ ئۈچ قىسىمنىڭ ھېچ قايىسى خەلىپىلىك ۋە رەئىسلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىدىن خالى ئەمەس ئىدى .

ئەنسارلار بۇ پىكىردە ۋە نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئىپادىلىگەن ئىدى . بەنى ھاشىمنىڭ كۆزقارىشى بولسا مۇنۇ رىۋايەتتىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ : رسول الله ۋاپات بولغان كۈنى ئېلى رەزىياللاھۇئەنھۇ ئۆز ئۆيىدىن چىقىشى بىلەنلا خەلقلەر ئۇنىڭدىن رسول اللەنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ، ھەزرىتى ئېلىمۇ رسول اللەنىڭ خېلى ئوبدانلاپ گەپ — سۆزنى جايىدا قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان . چۈنكى ئۇ كۈنى رسول اللەنىڭ سالامەتلىكى خېلى ئوبدان بولۇپ قالغان ئىدى . ھەزرىتى ئاببباس ھەزرىتى ئېلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دېدىكى : ’ قەسەم قىلىمەنكى ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر قۇل بولىسەن ، قارىشىمچە رسول اللەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېقىنلاشتى ، چۈنكى تەجرىبە بىلەن بىلىمەنكى ئابدۇل مۇتتەلىب ئەۋلادىنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشسا چىرايىدا بىر خىل ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ . رسول الله قېشىغا بارايلى رسول اللەدىن كىمنىڭ ئورۇنباسار بولۇشىنى ئۆزىدىن سورايلى ، ئېھتىمال بىزنى بۇ ئورۇنغا لايىق كۆرسە بىزگە ۋەسىيەت خېتى يېزىپ بەرسۇن ‘ . ھەزرىتى ئېلى ئاببباسنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋاپ بېرىپ :« مەن ئۆز نامىمغا مۇنداق بىر ئىشنى سوراشنى خالىمايمەن ،

چۈنكى مېنى بۇ ئىشقا لايىق كۆرمەي قالسا ۋە بۇنى سۆزلەپ قويسا كېلەچەكتە بۇ ئىشنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى كەتتۈرۈپ قويىمەن » دېدى . بۇ رىۋايەت ھەزرىتى ئاببا سنىڭ پىكرىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ . ھەزرىتى ئېلى رسول اللەنىڭ ۋاپاتىنىڭ يېقىنلاپ قالغىنىغا ئىشەنمىدى ھەم ئىسلامىيەتكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ئىشىنەلمىگەنلىكتىن رسول اللەغا بۇ مۇراجاتنى قىلىشنى خالىمىغان . رسول الله ۋاپات بولۇشى بىلەنلا بەنى ھاشىم ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھەزرىتى پاتىمەنىڭ ئۆيىگە توپلىشتى . ھەزرىتى ئۆمەردىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتتە ئېيتىلىدۇكى : جانابى ھەق ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۆز دەرگاھىغا چاقىرتىپ كەتكەن زامان مادىنىلىك ساھابىلارنىڭ ھەممىسى بىزگە خىلاپ ھالدا بەنى سەئىدنىڭ ھويلىسىغا توپلاشتى ، ئېلى ، زۇبەير ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ خىلاپ پىكىردە بولۇشتى . مۇھاجىرلار ئابابەكرى بىلەن بىرلەشتى ». ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزلىرى يۈزلەرچە ساھابىلار توپلاشقان مەجلىستە سۆزلەنگەن سۆزنىڭ بىر پارچىسى بولغاچقا بۇنىڭ راستلىقىغا گۇمان بىلەن قاراش مۇمكىن ئەمەس . ئەگەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىر گەپ بولسا ئۇ يەردە بار بولغان ساھابىلار تۈزۈتۈش بىرەتتى . ئىمامى مالىكنىڭ رىۋايىتىدە بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئوچۇق سۆزلەندى ، ئىمامى مالىك ئېيتىدۇ :« ئېلى ۋە زۇبەير ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغانلار رسول اللەنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى ، ئېلى بىلەن زۇبەير كېيىنراق كەلدى ، زۇبەير قىلىچىنى غىلاپتىن چىقاردى ۋە :« ئېلىگە بەيئەت قىلىنمىغىچە قىلىچىمنى غىلاپقا سالمايمەن » دېدى .

بۇ رىۋايەتلەردىن مۇنداق نەتىجە ئوچۇق چىقىدۇ :

1 - رسول الله ۋاپات بولۇش بىلەنلا مۇسۇلمانلار خەلىپىلىك مەسىلىسىدە ئۈچ پىرقىگە بۆلۈندى .

2 - مۇھاجىرلار ئابابەكرى تەرەپتە ، بەنى ھاشىم ھەزرىتى ئېلى تەرەپتە ئىدى .

3 - ئابابەكرى ۋە ئۆمەر رەزىياللاھۇ ئەنھۇ بەنى سەئىدە ھويلىسىغا بېرىشقا مەجبۇر بولغاندەك ھەزرىتى ئېلىمۇ رسول اللەنىڭ تەكفىن تەجھىزىنى تاشلاپ قويۇپ پاتىمەنىڭ ھويلىسىدا يىغىلىش ئۆتكۈزگەن . ھەزرىتى ئېلىنىڭ بەنى سەئىدەنىڭ ھويلىسىغا بارماسلىقىنىڭ سەۋەبى رسول الله بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن ياكى

رسول اللەنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن كەلگەن مۇسىبەت قايغۇغا چۆمۈپ كەتكىنى ۋە
خەلىپىلىكنى ئارزۇ قىلمىغانلىقىدىن ئەمەس . سەھنىگە يېقىلغان مۇھاجىرلار ۋە
ئەنسارلار ئىبلىسنىڭ خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىدىن ئىدى . مۇھاجىرلار
بولسا ئابابەكرىنى ، ئەنسارلار سەئىد ئىبنى ئۇبىدەنى خەلىپى قىلىش تەرىپـ
دە ئىدى . بىزنىڭ مۇلاھىزە قىلماقچى بولغان ئاخىرقى نۇقتىمىز يۈز بەرگەن ھاـ
دىسىنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقى ھەققىدىدۇر . يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش
ئۇسۇلىغا بىر ئاز ۋاقىپلانغان ئادەم رسول اللەنىڭ تابۇتى ئالدىدا ماتەم تۇـ
تۇپ يىغلاپ تۇرۇشتىن بەكراق تەشكىللەنگەن بىرلىكنى ساقلاش ۋە دۆلەتنى
تىنچلىق بىلەن قۇرۇۋېلىش لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ . شۇزاماندا
مەدىنىدە رسول اللەنىڭ ۋاپات بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان ۋە رسول الله دۇنياـ
دىن كېتىش بىلەنلا ئىسلامىيەتنى يوقۇتۇۋېتىشنى قەستلەپ تۇرغان مۇناپىقلار
بەك كۆپ ئىدى . بۇنىڭ ئۈستىگە مەدىنىلىك ساھابىلار دۆلەت رەئىسلىكنى ئۆزـ
تەرىپىگە تارتىش ئۈچۈن ھەركەتلىنىش بىلەن بۇ ۋەزىيەتنى تېخىمۇ خەۋپلىك قىـ
لىپ قويغان ئىدى . ئەنسارلارنىڭ رەئىسلىكنى قۇرەيشلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىـ
نىڭ ئېھتىمالى يوق ، قۇرەيش ئەنسارلارنى شۇنداق ھېقىر كۆرەتتىكى : بەدرى
سوقۇشىدا ئۇتبە رسول اللەغا مۇنداق دىگەن : « ئى مۇھەممەد ! بىز مۇنداق
ئېسىللىكتىن مەھرۇم ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا تۆۋەن چۈشمەيمىز » . يالغۇز
قۇرەيش ئەمەس پۈتۈن ئەرەبلەر ئەنسارلارنىڭ باش بولۇشىنى كۈتۈرەلمەيتتى
. ئابابەكرى ئىبنى سائىدەنىڭ سەھنىسىدە سۆزلىگەن سۆزىدە بۇ تەرىپكە ئىشاـ
رەت قىلىپ : « ئەرەبلەر بۇ ئائىلىدىن باشقىسىغا بۇ ئىشنى ( رەئىسلىكنى )
بەرمەيدۇ » دىگەن . بۇنىڭدىن باشقا ئەنسارلارمۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ
ئەۋس بىلەن خەزرەجمۇ ئانچە ئىتتىپاق ئەمەس ئىدى . شۇڭا بۇلارنىڭ خەلىپە
بولۇش دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە خەلىپىلىككە لايىق بىركىمنىڭ سايلىنىشى
لازىم ئىدى .

رىياسەتكە ئەڭ لايىق كىشى ھەزرىتى ئۆمەر ئىدى . ئەگەر خەلقلەر مەدىنىـ
لىك ساھابىلارنىڭ بەس مۇنازىرىسىگە ۋە تالاش — تارتىشلىرىگە مەشغۇل بولـ
مىغان بولسا رەئىسلىككە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەيىنلىنىشى مۇقەررەر ئىدى . ئەنـ
سارلارنىڭ غۇلغۇلىسىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىشى بىلەن قەبىلىچىلارنىڭ يالىڭاشلىنىپ
قېلىشىغا ئاز قالغانلىقىنى كۆرگەن ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال قولىنى ئابابەكرىگە

ئۆزۈنۈپ بەيئەت قىلدى ، ئارقىدىنلا ھەزرىتى ئوسمان ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ، ئابدىراھمان ئىبنى ئەۋف بەيئەت بەردى ، بۇلارغا ئەگىشىپ پۈتۈن جامائەت بەيئەت بەردى . بۇ ئىش خەلىقلەرنىڭ بىشىغا كىلىدىغان بالايى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالدى . شۇنىڭدىن كىيىن ھەركىم ئۆز ئىشىنى قىلدى . يالغۇز بەنى ھاشىم ئۆز پىكرىدە قىلىپ ئارقا — ئارقىدىن ھەزرىتى پاتىمەنىڭ ئۆيىگە توپلىنىشىدا داۋام قىلدى . ھەزرىتى ئۆمەر بەنى ھاشىمنىمۇ ئابابەكرىگە بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىشنى خىيال قىلىسىمۇ بەنى ھاشىم تەرەپتىكىلەر ھەزرىتى ئىلىنىدىن باشقىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئىبنى ئەبى شيبە بىلەن تەبرى ( بۇلار تارىخچىلار) بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەزرىتى پاتىمەنىڭ ئۆيىگە بىرىپ مۇنداق دىگىنىنى يازىدۇ :« ئى پەيغەمبىرىمىنىڭ ھۆرمەتلىك قىزى ! قەسەم قىلىمەنكى ، بىز سىزنى ھەركىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمىز ، سىزگە ھۆرمەت قىلىمىز ، ئەگەر بۇ ئادەملەر سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە يىغىلىشنى داۋام قىلىۋەرسە سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى يېقىۋىتىمەن ». بۇ رىۋايەتنىڭ سۆزلىگۈچىلىرىگە قارىتا قوبۇل قىلىشقا تەرەددۇت قىلساقمۇ ئىلمى مۇلاھىزە تەرىپىدىن بۇنى قوبۇل قىلىشنى توغرا كۆرىمىز . ئۆمەرنىڭ مىجەزى ئىتتىك بولغاچقا مۇنداق ئۆتكۈر پىكىردە بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى كۈچلۈكرەكتۇر .

ئۆمەرنىڭ بۇ خەتەرلىك باسقۇچتا تىزلىك ۋە توغرىلىق بىلەن ئىجرا قىلغان بىر بۆلۈك ھەركىتى گەرچە نورماللىقتىن ناراق ھىساپلانسىمۇ بۇ قەتئى ھەركىتى سەۋەبىدىن بىرمۇنچە ئىختىلاپلار بېسىقتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا ئورۇن قالدۇرمىدى . بەنى ھاشىمنىڭ ئىختىلاپى داۋام قىلىۋەرگەن بولسا ئىسلام جامائەتچىلىكى تارمار بولاتتى . ئىلى بىلەن مۇئاۋىيە ئارىسىدا كىيىنكى زاماندا باشلانغان ئىچكى ئۇرۇش شۇ چاغدا مەۋجۇت بولاتتى .

ھەزرىتى ئابابەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئىككى يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلدى . ئابابەكرى ھىجرەتنىڭ 13 - يىلى جىمايىل ئەۋۋەل ئېيىدا ۋاپات بولدى . ھەزرىتى ئۆمەر ئابابەكرىنىڭ دەۋرىدە يۈرگۈزۈلگەن ھەممە چوڭ ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم قىلىش بىلەن بىللە بۇنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە سۆزلەشكە مۇناسىپ ئەمەس . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئابابەكرىنىڭ تارىخىغا كىرىپ كېتىدۇ . ھەزرىتى ئابابەكرى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدىغان ئەڭ قابىل ۋە لايىق كىشى ھەزرىتى ئۆمەر ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلىسىمۇ ۋاپاتىغا يېقىن كاتتا ساھابىلەر بىلەن كې-

گەش مەجلىسى ئېچىپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا پىكىر قىلدى . ئالدى بىلەن
ئابدىراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن مەسلىھەتلەشتى ، بۇ كىشى مۇنداق پىكىر بەر-
دى :« ئۆمەرنىڭ ئىقتىدارلىق ۋە قابىلىلىقىدا شەك يوق ، پەقەت مىجەزىدە بىر
ئاز ئىنچىكىلىك بار » ، ئابابەكرى :« مېنىڭ ئېغىرلىق سەۋەبى بىلەن ئۆمەر ئاز-
راق ئىنچىكىلىك قىلىسمۇ رەئىسلىك ئۇنىڭغا يۈكلەنگەندە مىجەزى نورماللىشىپ
قالار » دەپ جاۋاپ بەردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەزرىتى ئوسمان بىلەن كۆ-
رۈشتى ، ھەزرىتى ئوسمان :« ئۆمەرنىڭ قەلبى ۋە نىيىتى ئۇنىڭ كۆرۈنىشىدىن-
مۇ تۈزۈكرەك ، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ سەۋىيەسىدە ئەمەسمىز » دېدى ئابابەكرى-
نىڭ ئۆمەرنى ئورنىغا خەلىپە قىلىشى ھەممىگە ئاڭلانغان زامان خەلىقلەر تەردد-
گە چۈشتى . تەلھە ئابابەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ :« سەن بار تۇرۇپ ئۆمەرنىڭ
بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلغىنىنى كۆرىسەن ،ئۇ رەئىسلىك ۋە ئەمىرلىككە تەيىن-
لەنگەندىن كېيىن بىزگە نىمە ئىش قىلىشىنى الله بىلۇر ، سەن بىزدىن ئايرىلىپ
خۇدا ھوزۇرىغا كېتىسەن ، خۇدا ئالدىدا بۇ قىلغىنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرى-
شىڭنى ئويلاپ باق » دېدى ، ھەزرىتى ئابابەكرى بۇنىڭغا جاۋابەن :« الله-
تائالاغا ' قۇللىرىڭنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئۇلارغا رەئىس قىلىپ قويۇپ كەلدىم '
دەيمەن » دەپ جاۋاپ بەردى . ھەزرىتى ئابابەكرى بۇ سۆزلەرنى دەپ بولغان-
دىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننى چاقىرتىپ ئەھدىنامە ( يەنى ئۆمەرنى خەلىپە قى-
لىش قارارنامىسى ) نى يازدۇرۇشقا باشلىدى . ئەھدىنامىنىڭ باش تەرىپى يې-
زىلغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھۇشسىزلاندى ، ھەزرىتى ئوسمان يېزىش-
نى داۋاملاشتۇرۇپ ئۆمەرنىڭ خەلىپە بولۇشىنى بىكىتتى . ئابابەكرى ھۇشىغا كې-
لىپ ئوسماندىن :« نىمە دەپ يازدىڭ ؟» دەپ سورىدى ، ئۇ يازغاننى ئو-
قۇپ بەردى ، ئابابەكرى ئوسماننىڭ يازغان خېتىدىن خۇرسەن بولۇپ « الله
بەك ئۇلۇغدۇر ، الله سېنى مۇكاپاتلىسۇن » دېدى . ئەھدىنامە يېزىلىپ بول-
غاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ئوقۇتۇرۇش ئۈچۈن ھەممە كىشى چاقىرتىل-
دى . ھەزرىتى ئابابەكرى ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇدۇل كۆرۈنۈپ تۇرۇپ :«
سىزلەرگە رەئىس بولۇشقا ئۆزەمنىڭ يېقىن تۇققانلىرىمدىن بىرنى تەيىن قىلماي
ئۆمەرنى تەيىن قىلدىم قوبۇل قىلامسىلەر ؟» دېدى ، پۈتۈن جامائەت :« قو-
بۇل قىلىمىز ، بويسۇنىمىز » دېدى ، ئاندىن ئابابەكرى ئۆمەرنى چاقىرتىپ
بەك قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى سۆزلىدى . ئۆمەر ئۆزىنىڭ كېلەچەك ھاياتىدا بۇ

نەسىھەتلەرنى ئۆزىگە رەھبەر قىلدى .

# 6 ـ قىسىم . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ رەئىسلىك دەۋرى ۋە غەلبىلىرى .

ھەزرىتى ئابابەكرى زامانىسىدا دىنىدىن يانغانلارنىڭ ۋە پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغانلارنىڭ ئۆزۈل ـ كېسىل يوقۇتۇلىشىغا ئەگىشىپ غەلبىلەر ( سىرتقى دۈشمەنلەردىن شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىش ) باشلانغان ئىدى . ئابابەكرىنىڭ دەۋرىدە ۋە ھىجرەتنىڭ 13 ـ يىلى مۇسۇلمانلار ئىراقنى ئالدى ، ھەرە ئەتراپىنى تولۇق قولغا چۈشۈردى . شۇ يىلى ئىسلام ئەسكەرلىرى سۇرىيەنى قورشاۋغا ئالدى . مۇشۇ ھەركەتلەر باشلانغاندا ھەزرىتى ئابابەكرى سىددىق ۋاپات بولدى . ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىككە ئولتۇرۇپلا بۇ ھەركەتلەردە نەتىجە قازىنىشقا باشلىدى . بۇ ھەركەتلەرگە ۋە جەڭلەرگە ئائىت بىرەر نەرسە يېزىشىمدىن بۇرۇن ئەرەبلەر بىلەن سۇرىيەلىكلەرنىڭ ، ئەرەبلەر بىلەن ئەجەملەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلارنى بېرىشنى لايىق كۆردۈم . ( ئىران بىلەن ئىراق خەلقلىرى ئەجەم دېيىلىدۇ . )

بائدە ئەرەبلىرى ھەققىدە مەلۇماتىمىز ئاز بولسىمۇ ئاد گورۇھى بىلەن ئەمالىقەلەر گورۇھىنىڭ ئىراقنى ئىشغال قىلغانلىقىنى بىلىمىز . يەمەن ھۆكۈمدارلىرى بىر مۇددەت شۇنداق كۈچلۈك شۇنداق شەۋكەتلىك بولۇپ كەتتىكى : ئىراقنى بىر قانچە قېتىم مۇستەملىكە قىلىپ ئىران ئىمپېراتورلىرى بىلەن دەلمۇ دەل تۇرۇشقان ئىدى . ئاستا — ئاستا ئەرەبلەر ئىران زېمىنىدا يەرلىشىشكە باشلىدى ، بەيتۇل مۇقەددەسنى ۋەيران قىلغان بۇختە نەسسەر ئەربىستاننى ئىشغال قىلغان زامان بىر مۇنچە ئەرەب قەبىلىلىرى ئىراقتا ۋەتەن تۇتتى . ئەدنان ئوغلى مەئەد ئىراقنى ماكان تۇتقان ئىدى . ئاخىردا بۇ يەردە بىر دۆلەت ھۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن . بۇ زامانلاردا ئىران بىرنەچچە پارچە ھۆكۈمەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇ يەردە بىرنەچچە مۇستەقىل پادىشاھلار بار ئىدى . ئەرەبلەر

ئۆز مەملىكىتىنى مالىك ئىبنى فەھرگەدىنالىك رەئىسلىكىدە قۇرغان ئىدى . بۇ خاندانلىقتا مەنسۇپ بولغان جوزەيمەتۇل ئەبرەش دىگەن ئادەم كەڭ بىر مەملىكەتكە ھۆكۈمران ئىدى. جوزەيمەنىڭ ئانا تەرەپتىن كۈيئوغلى ۋە ئورۇن باسارى بولغان ئەمر ئىبنى ئەدى ھىيرەنى مەركەز قىلغان ۋە ئىراق ھۆكۈمرانى دىگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئىدى .

بۇ دەۋردە بۇ يەردە مەدەنىيەت ۋە مائارىپ بەك يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، تارىخ يازغۇچى ھىشام كەلبى ھىيرەدە تەسنىپ قىلغان ۋە شۇ زامانغا ئائىت بولغان ئەسەرلەردە ئەرەبلەرۋە ئەرەبلەر بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ مۇناسىبەتلىرى ھەققىدىكى تەپسىلى مەلۇماتلارتوپلىغىنىنى يازىدۇ .ئۇ زامانلاردا ئەدەشىر ئىبنى بابۇك ئىراننىڭ بىرمۇنچە مۇستەقىل پادىشاھلىقنى قولغا ئېلىپ ۋە بويسۇندۇرۇپ چوڭ بىر دۆلەت قۇرغان ئىدى . ھىيرە ھۆكۈمەت باشلىقى بولغان ئۆمەر ئىبنى ئەددىنى باج بېرىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى ، ئەمرىنىڭ ئەۋلادى ئىراقتا ئۇزۇن زامان ھاكىم بولغامن بولسىمۇ ھەقىقەتتە ئىراق ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغان ئىدى . ئەردەشىرنىڭ ئوغلى ۋە ساسانىلارنىڭ 2 ـ پادىشاھسى بولغان شابور ھىجاز بىلەن يەمەننى قولغا ئېلىپ بۇ يەرگە ئىمرەئۇل قەيسنى ۋالى قىلغان ئىدى . مەھكۇملۇك ھاياتقا ئەرەبلەر ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا قوزغىلاڭ كۆتىرەتتى . ئىران تەختىگە ئەڭ كىيىن ئولتۇرغان شابورزول ئەكتاف ئولتۇرغان زاماندا پۈتۈن ئەرەبستان قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى ئىلان قىلدى ، ئابدۇل قەيس قەبىلىسى ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى . ئاياد قەبىلىسى ئىراقنى شاھىنشاھنىڭ چاڭگىلىدىن چىقاردى. شابور قەتئى ئىرادىلىك ۋە قەيسەر شاھ بولغىنى ئۈچۈن ئەرەبلەردىن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلىدى . شابور « ھەجەر » دىگەن يەردە ئومۇمى يۈزلۈك ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقى بېرىپ ئابدۇل ئەيس-قەبىلىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى ۋە مەدىنىگىچە ئىلگىرلىدى . شابور ئەسىرگە چۈشكەن ئەرەب باشلىقلىرىنىڭ قوللىرىنى تاغاقلىرىدىن ئاجرىپ ئۆلتۈرگەنلىكتىن ئەرەبلەر ئىچىدە زول ئەكتاف «تاغاق ئىگىسى» دەپ نام بېرىلگەن . كىسرا پەرۋىز بىلەن بىر ئەسىردە ئۆتكەن ھىيرە ئەمەلدارى نوئمان ئىبنى مۇنزىر خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. نوئمان مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ياكى باشقا بىر قەبىھ قىلىقى ئۈچۈن پىرويىز تەرەپتىن قاماققا ئېلىندى ، ئاخىرى تۈرمىدا ئۆلدى . نوھمان ئۆزىنىڭقۇراللىرىنى ۋە تۆمۈر كىيىملىرىنى بە-

نى بەكرىنىڭ رەئىسگە ئامانەت قويغان بولۇپ ئىبنى بەكرىنىڭ رەئىسگە بۇ
نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ تەلىپى رەت قىلىنغانلىقتىن
ھۆرمىزانىڭ قوماندىسى ئاستىدا 2000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ بۇ
نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولدى پۈتۈن بەكىر قەبىلىلىرى زىقار دىگەن
يەردە شاھىنشاھنىڭ قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلاندى. قاتتىق سو-
قۇشتىن كېيىن ئەرەب قوشۇنلىرى ئىران قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرۈپ
تاشلىدى. رسول الله بۇ ۋەقەنى كۆرگەن ۋە مۇشۇ ۋەقەگە قارىتىپ « مانا مۇشۇ
كۈن ئەرەبلەرنىڭ ئەجەملەردىن ئىنتىقام ئالغان كۈندۇر » دىگەننى رىۋايەت قىلىن-
دۇ ، ئەرەب شائىرلىرىمۇ بۇ ۋەقەنى ماختاپ شېئىر يېزىشقان ئىدى .

ھىجرەتنىڭ 6 -يىلى رسول ئەكرەم جاھان پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسگە تەك-
لىپنامىلەرنى يېزىپ بۇلارنى سىلامنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرغاندا ، رسول الله-
نىڭ مەكتۇبىدە سوقۇش قىلىش توغۇرلۇق گەپ يوق بولسىمۇ پرويز « ماڭا تەۋە
بولغان بىر ئادەم قانداق قىلىپ ماڭا بۇنداق خەتنى يازىدۇ ؟ » دىگەن ، پرويز
بۇ ھارامزادە گەپنى قىلىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي ئىرانلىقلارنىڭ يەمەن
ۋالىسى بولغان بازانغا پەيغەمبىرىمنى قولغا ئېلىپ ئىران ئوردىسىغا ئەۋەتىپ
بېرىشنى بۇيرىغان لىكىن قازا ۋە قەدەر ھەممە ئىشنى باشقىچە-ئۇسۇل بىلەن
ھەل قىلدى ، پرويز ئۆز ئوغلىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى ۋە ھادىسە چىقتى

ئەرەبلەرنىڭ بىزانوسلىقلار (قەدىمى رۇم يەنى ھازىرقى تۈركىيە ۋە گىرىت-
سىيەدە ماكانلاشقان خىرىستىيانلار) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنداق خۇلا-
سە قىلىمىز : سۇلەيم ، غەسسان ، ھىزامدەك بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى بەيزانوس
ئىمپىراتورلىرىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ماكانلاشقان ئىدى . بۇلار ئاستا - ئاستا
ئىمپىراتور زېمىنلىرىگە ئىچكىرلەپ كىرىپ يۇقۇرى كۈچ قۇۋۋەت ۋە شەۋكەتلەرگە
ئىگە بولغاندا ئۆزىگە سۈرىيە ھۆكۈمدارى دىگەن ئۇنىۋانىنى بەردى. ھەقىقەتتە
بۇلار- تارىخچى ئىبنى ئەسىرنىڭ تەپسىلى بايان قىلىشىدەك بىزانوسلىقلارغا
قاراشلىق ئەمەلدارلار ئىدى. ئىسلامدىن خېلىلا بۇرۇن بۇ قەبىلىلەر خىرىستىيان-
لىقنى قوبۇل قىلغان چۈشۈنىسەتتى . ئىسلام مەيدانغا چىققاندىن كېيىن بۇلار-
مۇ مۇشرىكلاردەك ئىسلامغا قارشى چىققان ئىدى . ھىجرەتنىڭ 6 -يىلى رسو-
ل الله دەھيەتۇلكەلبى ئارقىلىق بىزانوس ئىمپىراتورى ھىرەقلىگە مۇسۇلمانلىقنى

قوبۇل قىلىشنى تەكلىپ قىلىپ خەت ئەۋەتكەندە بۇ سۈرىيەلىك ئەرەبلەر دەھىيە-
تىل كەلبىنىڭ رەزىياللاھۇئەنھۇنىڭ جىيزام دېگەن يەردىن ئۆتۈپ قايتىشىدا ئۇ
زاتنى تۇتۇپ تېرىسىنى سويۇپ ئۆلتۈردى . مۇندىن باشقا رەسۇلۇللاھ تەرىپ-
دىن بۇسرا ھۆكۈمدارى ئەمر ئىبنى شۇرەجبىلگە ئەۋەتىلگەن ھارىس ئىبنى ئۇ-
مەير رەزىياللاھۇئەنھۇنىمۇ ئۆلتۈردى . بۇ زالىملىق ھەرىكەتتىن ئىنتىقام ئېلىش
ئۈچۈن رەسۇلۇئەكرەم ھىجرەتنىڭ 8 -يىلى بىر جازا بېرىش كۈچى ئەۋەتتى ، ئىك-
كى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مۇتە سوقۇشىدا ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە ،-
جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىپ ، زەيد ئىبنى ھارىستەك كاتتا ساھابىلار شېھىد بول-
دى . گەرچە خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوماندانلىقتا ماھىرلىق سەۋەبىدىن ئىسلام
ئەسكەرلىرى قۇتۇلغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئۇرۇشىدىن
ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى .

ھىجرەتنىڭ 9 -يىلى بىزانوسلىقلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييار
بولۇشتى . رەسۇلۇللاھ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ تەبۇكقىچە باردى لېكىن
بىزانوسلىقلارنىڭ غەيرىتى بوشاپ جىم بولۇپ قېلىشتى . شۇنداق قىلىپ قىسقا
بىر مۇددەت ئۇرۇشنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ بىزانوسلىقلار بىلەن غەسسان-
لىقلار ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىنى توسالمىغاندەك مۇسۇلمانلارمۇ بۇلارنىڭ قاچاندۇر
بىر ھەرىكەت قىلىپ توقۇنۇشۇش ئەندىشىسىدىن خالى ئەمەس ئىدى . سەھىھ بۇ-
خارىدا ئېيتىلىشىچە رەسۇلۇللاھ خوتۇنلىرىدىن ئايرىلغانلىق خەۋىرى تارالغان
چاغدا بىر ئادەم ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ :« چوڭ ۋەقەدىن خەۋىرىڭىز
بارمۇ ؟» دېگەندە ئۆمەر :« نېمە بولدى ؟ غەسسانلىقلار قىلىدىغان ھۇجۇمنى
باشلىدىمۇ ؟» دېگەن . يەقەت مۇشۇ سەۋەبتىن ھىجرەتنىڭ 9 -يىلى رەسۇلۇللاھ
ئۇسامەنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بىر قوشۇن تەييارلاپ بىزانوستەك بىر كۈچ-
لۈك دۈشمەنگە قارشى ئېھتىيات قىلىش پىلانىنى قوللاندى ، ۋە دۈشمەنلەرگە بول-
غان ئۈستۈنلۈككە ئاساسەن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەردەك سۆزى ئۆتكۈر كاتتا سا-
سابىلارنىڭ بۇ ئەسكەر بىلەن بىللە بېرىشنى بۇيرىغان ئىدى . ئۇسامە يولغا
چىقىشقا تەييار بولغاندا رەسۇلۇئەكرەم كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى . ھەزرىتى
ئەبۇبەكرى ئىسلام رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن پۈتۈن ئەرەبىستان ئىككى
چوڭ كۈچلۈك تاجاۋۇزچى قوشنىسى بولغان دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز نىشانىسى
بولۇپ قالدى . ئەبۇ بەكرى ئەسكەرلەرنى سۈرىيەگە يولغا سېلىش ۋاقتىدا

ئەسكەرلەرگە مۇنداق سۆزلىدى: «سىلەردىن ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەنلەر شېھىد، تىرىك قالغانلار دىنىي قوغدىغۇچى بولىدۇ» دېدى.

بۇ قىسقا ئىزاھات ھەزرىتي ئەبۇبەكرىنىڭ زامانىسىدا باشلىنىپ ۋە ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە نەتىجىلەنگەن سەپەرلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشكە ياردەم قىلىدۇ.

ئەمدى بۇ سوقۇشقا ئائىت تەپسىلاتلارنى بايان قىلىمىز:

## 7 - ئىراقنى پەتھى قىلىش

ساسانىلارنىڭ دەۋرى ئىران تارىخىنىڭ 4 - دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خاندانلىق ئادىللىق بىلەن مەشھۇر بولغان نوشىرۋاننىڭ سەۋەبى بىلەن كاتتا بىر ئەھمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. نوشىرۋاننىڭ نەۋرىسى پەرۋىز رسول الله بىلەن بىر زاماندا ياشىغان ئىدى، بۇ دىمىغى ئۈستۈن ۋە مەغرۇر شاھزادىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئىران دۆلىتى بەك كۈچلۈك ئىدى، پەرۋىزنىڭ ئۆلىمى ئىران دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يوقۇلىشىنىڭ بېشى بولدى. پەرۋىزنىڭ ئوغلى شىرويە 15 بىر تۇققىنىنى تولۇق ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئاران 8 ئاي ھۆكۈم سۈرەلىدى. بۇنىڭ ئوغلى يېرىم يىل پادىشاھ بولغاندىن كېيىن شاھلىق ئوردىنىڭ بىر ئادىمى ئۇنى ئۆلتۈردى، بۇ چاغدا بۇ بالا ئاران يەتتە يېرىم ياشتا ئىدى. ھىجرەتنىڭ 12 - يىلى بۇ قاتىل ئىران تەختىگە ئولتۇردى، بۇمۇ يەنە بىر ھۆكۈمەت ئەربابى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جوانشىر تەختكە چىقتى. ئۇمۇ بىر يىلدىن كېيىن ئۆلدى. جوان شىردىن كېيىن ئىران تەختىگە نارىسىدە بالا بولغان يەزدىگۇرتتىن باشقا مىراسخور ئەركىشى يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن شاھلىق تەختىنى يەزدىگۇرت بالاغەتكە يېتىپ بولغىچە پوران دەخت ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىشىغا شەرت ھازىرلانغان ئىدى. ئىراندا پەرۋىزنىڭ ئۆلىمى بىلەن باشلانغان ئىچكى ماجرا پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيدى پوران دەختنىڭ زامانىسىدا ساسانىلارغا ئورۇن باسار بولىدىغان بىرمۇ ئەركىشى قالمىغانـ

لىقى ھەممە يەرگە تارقالغاندىن كېيىن ۋائىل قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بولغان مەسنا شەيبانى بىلەن سۇۋەيد ئەجلى ھىيرە بىلەن ئەيلەدە قوزغۇلۇشقا باشلىدى . بۇ چاغدا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق ئىسلام رەئىسلىك ئورنىدا ئىدى . خالىد ئىبنى ۋەلىد يەمامەگە ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە قارشى قوزغىغان ھەركەتلىرىدە نەتىجە قازانغان ئىدى . مەسنا ئىراققا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن ياردەم سورىدى ، مەسنا ئۆزى مۇسۇلمان بولغىنى بىلەن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى خىرىستىيان ياكى بۇتپەرەس ئىدى . مەسنا مەدىنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەبىلىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى ، نەتىجىدە ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى . مەسنا مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەنگەن چوڭ كۈچ بىلەن ئالغا باسقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تەرپىدىن ياردەم قوشۇن ئەۋەتىلدى ۋە ھەممىسى خالىدنىڭ قوماندانلىقىدا بولدى ، خالىد ئىراق تەۋەسىدىكى ھەممە شەھەرلەرنى ئالدى ۋە نوئمان ئىبنى مۇنزىرنىڭ خورنىق ئىسىملىك ئوردىسى بىلەن مەشھۇر بولغان ھىيرە شەھرىگە بايراق تىكلىدى . ھىرە شەھرى كۇفە شەھرىدىن ئۈچ مىل يىراقلىقتا ئىدى . ئىراققا قارشى ھەركەت داۋامىدا خالىد نۇرغۇنلىغان پارلاق غەلىبىلەرگە ئېرىشتى ، بۇنى بۇ يەردە تەپسىلى دەپ ئولتۇرمايمىز . خالىد ئىراق جەڭلىرىدە دىگۈدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ، پەقەت ھىجرەتنىڭ 13 -يىلىدە بىزانتىسلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ئىسلام ئەسكىرىگە ياردەم بېرىشكە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن بۇيرۇق چۈشكەنلىكتىن قوماندانلىقنى مەسناغا تاپشۇرۇپ بېرىپ رۇم تەرەپكە ماڭدى . خالىد كەتكەندىن كېيىن ئىرانلىقلار ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولدى ، شۇڭا ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن زامان ئىراننى پۈتۈنلەي پەتھى قىلىشنى قارار قىلدى . ھەزرىتى ئۆمەر رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن يېڭى خەلىپىگە بەيئەت قىلىشنى تەكلىپ بىرىپ مەدىنىگە مىڭلارچە مۇسۇلمان كەلگىنى ئۈچۈن ئۆمەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلارنى جىھاتقا بېرىشقا چاقىردى . خەلىقلەر ئىران دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان ئىراقنىڭ خالىد تەرىپىدىنلا پەتھى قىلىنىشىغا قانائەت قىلغىنى ئۈچۈن ئۆمەرنىڭ چاقىرىقىنى بەك قىزغىن قوبۇل قىلمىدى ، ئۈچ كۈنگىچە چاقىرىققا جاۋاپ قايتۇرمىدى . 4 -كۈنى ئۆمەر كۆپچىلىككە شۇنداق بىر ئۆتكۈر تىل بىلەن نۇتۇق سۆزلىدىكى ھەممىسى بىردىنلا ھەركەتكە كەلدى . ئۆمەرگە ئەگىشىپ مەسنا مۇنداق سۆزلىدى :«

ئى مۇسۇلمانلار! بىز زەردەشتلەر بىلەن قىلىچ سوقۇشى قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئوبدانراق ئۇرۇش قىلغىنىنى كۆرمىدۇق، ئەكسىچە ئىراقنىڭ بىرقانچە ئۆلكىسىنى ئالدۇق، ئەجەملەرگە ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىمىزنى تونۇتتۇق» بۇنىڭغا ئۇلاپلا سەقىف قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ئەبۇئۇبەيدە سۆز قىلىپ: «ۋەزىپىمىزنى ئۆتەشكە تەييارمىز!» دېدى. بۇ قىزغىن سۆزلەر جامائەتلەرگە يېڭى روھ كىرگۈزدى، ھەركىم ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتە كېيىن قالمايدىغانلىقىنى سۆزلىدى، ھەزرىتى ئۆمەر مەدىنىدىن مىڭ ئەسكەر تاللاپ ئەبۇئۇبەيدىنى بۇلارغا قوماندان قىلدى. ئەبۇئۇبەيد رسول الله نىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولالمىغىنى ئۈچۈن ئەسابىلاردىن ئەمەس ئىدىشۇڭا بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ قوماندان بولۇشىغا رازى بولماي مۇنداق دېدى: «بۇ چوڭ خىزمەتنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسابىلىرىدىن بىرىگە تاپشۇرسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولماسمىدى؟ ئىراقتا ئەۋەتكەن ئەسكەر ئىچىدە يۈزلەرچىسى ئەسابى كىراملار بولغاچقا قوماندانىنىڭمۇ ئەسابىدىن بولۇشى لازىم» ھەزرىتى ئۆمەر ئەسابىلارغا قاراپ مۇنداق جاۋاپ بەردى: «سىزنىڭ ھازىرقىغا قەدەر كۆرگەن ھۆرمىتىڭىز ھەممىسى كۆرسەتكەن غەيرىتىڭىز ۋە پىداكارلىقىڭىزغا ئاساسەن كەلدى، ئەگەر سىز بىر زامانلاردا قولىڭىزغا كەلتۈرگەن ئۈتۈقلۇقنى بىكار قىلسىڭىز مەن ھېچقاچان جەڭدىن باش تارتقان كىشىلەرنى قوماندان قىلمايمەن» شۇنداقتىمۇ بۈيۈك ساھابىلارغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇلارنى نائۈمىد قويماسلىق لازىم بولغاچقا ھەزرىتى ئۆمەر قوماندان بولغان كىشىگە ساھابىلارغا داۋاملىق ھەركەت قىلىشنى ۋە ھەرقانداق ئىشدا ئۇلار بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىلىشنى تاپشۇراتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ زامانىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرانغا ھۇجۇم قىلىشى ئىرانلىقلارنى ئويغۇتۇپ قويغاچقا پوراندەخت بەك غەيرەتلىك قەھرىمانى بولغان خىرىستىيان ۋالىسى رۇستەم فەررۇخزادنى ئوردىغا چاقىرتىپ ئەسكىرى ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۆزى توغرا كۆرگەن بويىچە ھەربى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەندىن كېيىن ئۆز بېشىدىكى تاجنى ئېلىپ رۇستەمگە كىيگۈزدى. پۈتۈن مەركىزى ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ ۋە ئېسىلزادىلارنىڭ ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنىشىنى ۋە ھۆرمەت قىلىشنى بۇيرۇق قىلدى. ئىرانلىقلار ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىغانلىقى ئۈچۈن رۇستەمگە پۈتۈن ھۇجۇدى بىلەن بويسۇندى. نەتىجىدە ئىچكى ئەھۋالى ۋە باشقۇرۇلىشى ياخشىلىنىشقا باشلىدى

بويسۇندى . نەتىجىدە ئىچكى ئەھۋالى ۋە باشقۇرلىشى ياخشىلىنىشقا باشلىدى ، ئىران دۆلىتى پىروېز زامانىسىدىكى ھەيۋەت ۋە شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . رۇستەمنىڭ ئالدى بىلەن قوللانغان پىلانى ئىراقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جاسۇس ۋە ئىغۋا تارقاتقۇچىلارنى ئەۋەتىپ خەلقلەرنى ئۆز دىنىنى قوغداشتا سادىق بولۇشقا ۋە ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشكە چاقىرىش ، ۋە شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئاھالىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغاش بولدى . بۇ تەشەببۇس نەتىجىسىدە ئەبۇئۇبەيد ئىراققا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئىراق قوزغىلاڭ بىلەن تەۋرەپ كەتتى . ئىرانلىقلار بىرىنچى بولۇپ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى . پۇرابدەخت رۇستەمنىڭ ئەسكىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن نەرسى ۋە جابان ئىسىملىك ئىككى ئادەمنىڭ قوماندىسى ئاستىدا ئىككى بۆلۈك ئەسكەر ئەۋەتتى ، جابان دېگىنى ئىراقنىڭ مەشھۇر باشلىقلىرىدىن بولۇپ ئەرەبلەرگە قارشى بەك دۈشمەنلىكى بار ئىدى ، نەرسى بولسا كىسرانىڭ ئانىسىنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى بولۇپ ئىراقتا كەڭ زېمىننىڭ ئىگىسى ئىدى . بۇ ئىككى قوماندانىڭ باشقا — باشقا يولدىن ئىراققا يېتىشى ئارلىقىدا ئەبۇئۇبەيد بىلەن مەسنا ھىرە شەھرىگە يېتىپ كەلدى . دۈشمەننىڭ تەييارلىقىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن خەففان تەرەپكە ماڭغان ئەسكەرلەرنى ياندۇردى ، شۇ چاغدا جابان نامارىق دېگەن يەرگە ئورۇنلاشقان ئىدى .

ئەبۇئۇبەيد ئەسكەرلىرىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن نامارىققا قاراپ ئىلگىرىلىدى ، جابان ئۆزىنىڭ كىرەكلىك قوماندانلىرىدىن بولغان جوشەنشاھ بىلەن مەردانشاھنى ئوڭ ۋە سول قاناتلارغا مەسئۇل قىلدى . بۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ناھايىتى جاسارەت بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ نەتىجىدە مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى . مەردانشاھ دەرھال يوقىتۇلدى ، جابان بولسا قېچىشقا ھىلە قىلدى . جابانىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلغان لېكىن ئۇنى تونۇمايدىغان كىشىنى گوللاپ :« مېنى خەۋەر ئالغانىنىڭ ئورنىغا ئىككى نەپەر قۇلنى قوبۇل قىلامسىز » دېدى ، مەزكۇر جەڭچى « ماقۇل » دېدى ، لېكىن بۇ مۇجاھىد جابانىنى تونۇغاندىن كېيىن ئۇنى قويۇۋېتىشكە ئۇنىماي تۇرغاندا ئەبۇئۇبەيد بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى بولغان ئەھۋالنى ئۇقمايلا :« قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەدىسى بۇزۇلمايدۇ ، كۈچكە ئىگە » دېدى .

ئەبۇئۇبەيد بۇ جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن كەسكەرگە قاراپ ئىلگىرىلى-

دى ، نەرسى مۇشۇ ئەتراپىتا ئىدى . ئىككى تەرەپ ئەسكىرى سىقاتىيە دىگەن
يەردە قارشىلاشتى ، نەرسىنىڭ ئەسكىرى كۆپ ھەم ئۇلۇغ — سول قاناتلىرى
كىسرانىڭ تاغلىرىنىڭ بالىلىرى بولغان "بىندويە" بىلەن "تىرويە" تەرىپىدىن
باشقۇرۇلغان بولۇپ ئارقىدىن ياردەمگە كۈچ كېلىشىنى كۈتكەنلىكتىن تاجاۋۇزغا
كىرىشمىدى . ئەبۇئۇبەيد بۇنىڭدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى
كۈتمەيي ھۇجۇمغا ئۆتتى . قاتتىق بىر سوقۇشۇشتىن كېيىن نەرسىنى مەغلۇبىيەتـ
كە ئۇچراتتى . بۇ غەلىبىدىن كېيىن ئەبۇئۇبەيد ھەر تەرەپكە كىچىك تارماق
ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ ئەجەملەرنى يوشۇرۇنغان ئىستىھكاملىرىدىن چىقىرىشقا
تۇتۇشتى ، لىكىن ئاساسلىق ئەسكىرى كۈچۈنى سىقاتىيەدە ساقلاپ قالغان ئىـ
دى . بادوس بىلەن زۇۋالىنىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان فەررۇخ ۋە فۇرادەنـ
داتلار سادىقلىق نىشانىسى بولسۇن ئۈچۈن دەرھال تەسلىم بولدى ، بۇلارـ
نىڭ بىرقىسمى ئەبۇئۇبەيدگە زىياپەت تەييارلىدى . ئەبۇئۇبەيد :« بىرىلگەن
زىياپەت ماڭىلىمۇ ياكى پۈتۈن ئەسكىرىمگىمۇ ؟» دەپ سورىدى ، ئۇلار :« ۋاـ
قىت يېتىشمەي ھەممىسىگە تەييارلاپ بولالمىدۇق » دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن
ئەبۇئۇبەيد بۇ زىياپەتكە كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ :« مۇسۇلمانلار ئارـ
سىدا بىرى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىش يوق » دىدى .

رۇستەم ئەسكىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەرەبلەرنىڭ بەك ئەـ
شەددى دۈشمىنى بولغان مەردانشاھنى ئەۋەتمەكچى بولدى . ئۇنىڭغا جاساـ
رەتلىك ئەسكەردىن 4000نى قوشۇپ بەرگەندىن تاشقىرى نۇشىرۋان تەرىپىدىن
ئۆزىگە بىرىلگەن ھۆرمەت ئۇنۋانى بولغان "بەھمەن"لىك ئۇنۋانىنى ئۇنىڭغا
بەردى ، بۇندىن باشقا مەردانشاھقا " دەرفەش كاۋيانى " دەپ ئاتالغان بايـ
راق بىرىلدى ، بۇ بايراق كىيانلاردىن قالغان مىڭلارچە يىللاردىن بىرى نۇسـ
رەت ۋە غەلىبە نەمۇنىسى ھىساپلانغان كونا بايراق ئىدى . ئىككى تەرەپ ئەسـ
كىرى فۇرات دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى مىروھە دىگەن يەردە تاقابىل تۇـ
رۇشتى ، مۇسۇلمانلار دەريانىڭ غەربى قىرغىقىدا تۇرغاشقا ئىككى تەرەپنىڭ
ئارىسىنى دەريا ئايرىپ تۇراتتى . ئىرانلىقلارنىڭ قوماندانى مۇسۇلمانلارغا
خەۋەر ئەۋەتىپ يا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەرەپكە ئۆتىشىنى ياكى ئىرانلىقلارنىڭ
ئۇ تەرەپكە ئۆتىشى توغرىلىق تەكلىپ بەردى . ئىسلام باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز جايلىرىدا تۇرىشىنى تەكىتلەپ تۇرىسىمۇ ئەبۇئۇبەيد ئەسـ

كەرلىرىنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە جاسارىتىگە ئىشەنگەنلىكتىن ئۆز جايىدا تۇرۇشنى بىر خىل قورقۇنچاقلىق ھېساپلاپ زەردەشتلىكلەرنىڭ جاسارەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىشنى كۆتۈرۈلمەسلىكنى سۆزلىدى .

مۇسۇلمانلارگە مەردانىشاھنىڭ تەكلىپىنى يەتكۈزگەن ئەجەم ، ئىرانلىقلار مۇسۇلمانلارنى قورقۇنچاق دەپ قارايدىغانلىقىنى سۆزلىدى ، بۇ سۆزلەر ئەبۇئۇبەيدنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنلىكتىن پۈتۈن ئەسكەر دەريادىن ئۆتسۇن ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى .

مەرتىبىدە ئەبۇئۇبەيددىن ئۈستۈن بولغان سەلىيت ۋە مۇسەنادەك كىشىلەر بۇ بۇيرۇققا قارىتا نارازىلىق پىكرى بەرگەن بولسىمۇ ئەبۇئۇبەيد ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرغانلىقتىن ئۆز پىكىرلىرىنى خاتىرلەپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى . بۇ ئېتىراز بىلدۈرگەن خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ :« بىز سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنىڭ پۈتۈن ئەسكەرلەرنى يوقۇتىدىغانلىقىنى چۈشەنسەكمۇ قوماندانىمىز بولغىنىڭىز ئۈچۈن يەنە سىزگە ئەگىشىمىز ، چۈنكى قوماندانىمىزغا قارشى تۇرۇش بىزنىڭ قانۇنىمىزغا خىلاپتۇر »

شۇنداق قىلىپ قېيىقلار تىزىلىپ كىچىك كۆۋرۈك ياسالىپ ھەممە ئەسكەر ئۇ تەرەپكە ئۆتتى لېكىن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەر تۈزلەڭلىك بولمىغاچ مۇسۇلمانلار ئۆزى خالاپ سەپ تۈزەلمىدى . ئىران ئەسكىرىنىڭ كۆرىنىش قالتىس ھەيۋەت ئىدى بىر تاغدەك كىلىۋاتقان پىل ئەسكەرلەرگە يېقىنلاشتى ، بۇ پىللارنىڭ بويىندىكى ناغرا كانايلار قورققىندەك ئاۋازلارنى چىقىراتتى . ئىرانلىقلارنىڭ ئاتلىرى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرى تۆمۈر كىيىملىك ئىدى ، ئۇلارنىڭ رەسىملىك قالپاقلىرى ئۇلارنى بىرەر جانلىققا ئوخشىتاتتى . ئەرەب ئاتلىرى مۇنداق ئاجايىپ كۆرۈنىشنى كۆرمىگەچكە دەريادىن ئۆتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ تەرەپكە قاچقىلى تۇردى . بۇ ھالدا ، بولۇپمۇ پىللارنىڭ ئالدىدا ئىلاجسىز قالغان ئەبۇئۇبەيدە ئاتتىن چۈشۈپ ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دىدى :« جاسارەتلىك ئەسكەرلىرىم ! پىللارنى قورشاۋغا ئېلىڭلار ! پىللار ئۈستىدىكى تەختىراۋانلارنى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ ئاستىن ئۈستۈن قىلىڭلار ! » پۈتۈن ئاتلىقلار ئاتتىن چۈشۈپ پىللارنىڭ ئۈستىدىكى تەختىراۋانلارنىڭ ئەرغامچىلىرىنى كېسىپ يەرگە يىقىتتى ، لېكىن پىللار ئىلگىرلەپ مۇسۇلمانلار سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى ، ئەبۇئۇبەيد بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەممە پىللارنىڭ بېشى بولغان

ئاق پىلگە ھۇجۇم قىلدى . بىر ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ خارتۇمىنى كېسىپ تاشلىدى ، پىلمۇ ئەنبۇئۇبەيدنى ئۇرۇپ يەرگە يىقىتتى ۋە ئۇنىڭ قوسىقىنى يېرىپ شېھىد قىلدى . ئەبۇئۇبەيد شېھىد بولغاندىن كېيىن ھەكەم بايراقنى ئېلىپ پىلگە ھۇجۇم قىلدى ، ئۇمۇ شېھىد بولدى . ئەبۇئۇبەيد ئائىلىسىدىن ۋە سەقىف قەبىلىسىدىن يەتتە كىشى مۇشۇنداق شېھىد بولدى . مەسنا قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بايراقنى قولىغا ئالغان بولسىمۇ ئۇرۇش نەتىجىسىز بولدى ، مۇسۇلمانلار چېكىندى ، ئىرانلىقلار ھېچكىمنى قاچۇرماسلىق ئۈچۈن كۆۋرۈكنى بۇزىۋەتتى ، ئەسكەرلەر دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ سۇ ئۈزۈپ ئۇتەرەپكە ئۆرمەكچى بولۇشقانلىقىنى كۆرگەن مەسنا كۆۋرۈكنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە كۆزەتچى قويۇپ ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز ئارامدا ئۆتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . ئۆزى قالغان ئەسكىرى بىلەن ئارقىدىن بېسىپ كەلگەن ئىرانلىقلارغا قارشى تۇردى . مەسنا دۈشمەنلەرنىڭ ئىلگىرلىشىگە توسالغۇ بولسىمۇ قالغان ئەسكەرنىڭ سانىنى ئىنىقلىغاندا 9000 ئەسكەردىن 3000 ئەسكىرى قالغانلىقىنى بىلدى .

ئىسلام تارىخىدا مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ جەڭ مەيدانىدىن قېچىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن ئەھۋالدۇر . مۇنداق ھادىسە يۈز بەرگەندە بەك دەرت ئەلەملىك نەتىجە بېرىدۇ ، بۇ جەڭدە قاچقان گۇمان بىلەن ئەيىپلەنگەنلەر نەچچە يىل يۇرتىدىن ئايرىلدى ياكى ئۆيلىرىدىن چىقمىدى ۋە ياكى يىغلاپ سىچكىمگە يۈزىنى كۆرسەتمىدى . بۇلاردىن مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ ئۆيىدىن تاشقىرى چىقمىغانلارنى ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزى نەچچە قېتىم زىيارەت قىلىپ ئۇلارغا تەسەللى بەردى . ئۇلارغا :« ئىسلام ئەسكىرىنىڭ يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈش نىيىتى بىلەن جەڭ مەيدانىنى تاشلىغانىسلەر » دەپ سۆزلەيتتى ، لېكىن بۇ تەتۈر پىشانىلار بۇ تەسەللىلەر بىلەنمۇ خاتىرجەم بولالمايتتى .

بىلازرىنىڭ ئېيتىشىچە بۇ جەڭ ھىجرەتنىڭ 13 -يىلى رامىزاندا بولغان ، رسول الەنىڭ ئەسھابىلىرىدىن بولغان ئەبۇزەيدىل ئەنسارى ، ئۇقبە ، ئابدۇللا بىلەن قەيتى ئىبنى قەيسنىڭ ئوغۇللىرى يەزىد ئىبنى قەيسىل ئەنسارى ، ئەبۇ ئۇمەييەتەل فەرارىلار بۇ ۋەقەدە شېھىد بولغان .